# زەبۆر
# تاللانملری

# كىرىش سۆز

زەبۇر خۇداغا ئىلتىجا ۋە ئىبــادەت قىلىش ئۈچۈن يېزىلغان مۇقەددەس كىتابنىڭ بىر قىسمى. زەبۇر كۈيلـەر توپلىمىدىن ئىبارەتتـۇر. زەبۇردىكى كۈيلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسـمى داۋۇت پەيغەمبــەر تەرىپىدىــن يېزىلغــان. داۋۇت پەيغەمبــەر خۇدانــى چىن قەلبىدىــن سـۆيەتتى. ئۇ چېـۋەر سـازەندە ۋە قوشـاقچى بولۇپ، ئىسـرائىل خەلقىگــە پادىشــاھ بولغــان مەزگىللىرىــدە نەچچــە مىڭلىغــان سـازەندە ۋە ناخشىچىلارنى تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭ نۆۋەت بىلەن ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، خۇداغا ئىبادەت قىلىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان.

يىللارنىــڭ ئۆتۈشــى بىلــەن داۋۇت پەيغەمبەرنىــڭ، شـۇنداقلا باشـقا ئىبادەتچىلەرنىڭ كۈيلىرى توپلىنىپ زەبۇر بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ كۈيلەرنىڭ بىر قىسمى خۇدادىن مېھىر-شەپقەت ۋە كەچۈرۈم قىلىنىشنى سوراش، ياردەم ياكى قۇتقۇزۇلۇشــنى تىلەش، بىر قىســمى خۇداغا ئىشــەنچ باغلاش ھەققىدە بولسا، يەنە بىر قىسىملىرى خۇدانى مەدھىيىلەش، خۇداغا شۈكۈرلەر ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبــادەت قىلىش ھەققىدىدۇر. بەزى كۈيلــەردە مۇئەللىپنىڭ ئۆزى دۇچ كەلگــەن بالايى-ئاپەتلــەر ياكى رەزىل ئادەملــەر ئۈســتىدىن نالە-پەرياد قىلغانلىقــى، خۇدانىــڭ ئۇلارنــى يــوق قىلىۋېتىشــىنى ئىلتىجــا قىلغانلىقــى ئىپادىلەنگەن.

داۋۇت پەيغەمبەر ھايات مۇساپىســـىدە ئېغىر كۈلپەتلەرگە يېتىپ، كۆپ زۇلۇم تارتقــان، ھەتتــا بەزىلەر ئۇنــى ئۆلتۈرمەكچــى بولغىنىدا، ئــۇ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باشـقا جايلارغا كېتىــپ يوشۇرۇنۇۋېلىشــقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ كۈيلىرىنىڭ كۆپ قىســمىنى دەل ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ شۇ مۇشكۈل چاغلىرىــدا خۇداغــا قىلغــان دۇئالــرى دەپ چۈشىنىشــكە بولىــدۇ. ھايــات

تەجرىبىلىرى ئارقىلىق داۋۇت پەيغەمبەر ياراتقۇچى خۇدا ھەققىدە كۆپ بىلىمگە ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇشبۇ جەريان ئۇنىڭ كۈيلىرىدە بايان قىلىنغان.

زەبۇر يېزىلغان چاغلاردا، ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى ياراتقۇچى خۇداغا ئېتىقاد قىلغانلار ئىدى. ياقۇپ پەيغەمبەر ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، خۇدا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىسرائىل دەپ ئۆزگەرتكەن ۋە بۇ ئىسىم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا، كېيىنچە بولسا پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقىگە نام بولۇپ قالغان. ئىسرائىللارنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق ئەللەر بۇتپەرەسلەر بولغاچقا، ئۇلار ئىسرائىللار تەرىپىدىن «خۇداسىز ئەللەر»، «يات ئەللەر» ياكى «يات خەلقلەر» دەپ ئاتالغان. خۇدا ئىبراھىم پەيغەمبەرنى تاللىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەھدە تۈزۈپ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىغا بەخت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلار ئارقىلىق دۇنيادىكى بارلىق خەلقلەرگىمۇ بەخت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. ئىسرائىللار ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولغاچقا، ئۇلار خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن خۇدانىڭ ئۆز خەلقى بولۇش شۇنداقلا خۇدا ئۆزى ئىبراھىم پەيغەمبەرگە ۋەدە قىلغان «كەنئان» دەپ ئاتالغان ئالاھىدە زېمىنغا ئىگە بولۇش سالاھىتىگە ئىگىدۇر. زەبۇردىكى بىر قىسىم كۈيلەردە ئۇشبۇ ۋەدە قىلىنغان زېمىن تىلغا ئېلىنىدۇ.

خۇددى باشقا تىللاردىكى ناخشا ۋە شېئىرلاردەك، ئىبرانىيچە يېزىلغان زەبۇر كۈيلىرىدىمۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان. مەسىلەن زەبۇر كۈيلىرىنى ئوقۇغىمىزدا ياراتقۇچى خۇدانىڭ «كۆزى»، «قۇلىقى»، «بىلىكى»، «قولى»، «بارماقلىرى» ۋە «دىدارى» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز. شۈبھىسىزكى، بۇ ھەرگىز خۇدانىڭ جىسمانىي بەدىنىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. زەبۇر كۈيلىرىدە «خۇدانىڭ كۆزى» ۋە «خۇدانىڭ قۇلىقى» دېيىش ئارقىلىق خۇدانىڭ كۆرىدىغان ۋە ئاڭلايدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولسا، «خۇدانىڭ بىلىكى»، «قولى» ۋە «بارماقلىرى» ئۇنىڭ قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغ ئىشلىرىغا، «خۇدانىڭ دىدارى» بولسا ئۇنىڭ ھۇزۇرى ياكى شاپائىتىگە ۋەكىللىك قىلىنغان. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، «خۇدانىڭ ئۆيى»، «خۇدانىڭ

چېدىرى» ياكــى «خۇدانىــڭ ئىبادەتخانىســى» دېگەن ئىبارىلەرمــۇ ھەرگىز خۇدانىڭ ئەمەلىيەتتە مەلۇم ئۆيدە ياكى ئىنســان قولى بىلەن ياســالغان جايدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ھەممىمىزگە شــۇ نەرســە ئېنىقكى، ياراتقۇچى خۇدا مــەلۇم بىر ئۆيدىــلا ئەمــەس بەلكى ھەممىــلا جايدا مەۋجــۇت بولۇپ تۇرالايــدۇ، ئۇ زامــان ۋە ماكانىنــڭ چەكلىمىســىگە ئۇچرىمايــدۇ. «خۇدانىڭ ئۆيى»، «خۇدانىــڭ چېدىرى» ياكى «خۇدانىڭ ئىبادەتخانىســى» قاتارلىقلار داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ يېرۇســالېم يەنى قۇددۇســتىكى ســىئون تېغىدا قۇرغان چېدىرىنى شەرھىيلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇلاردۇر. بۇ چېدىر خۇداغا ئېتىقــاد قىلغانلار ئۈچــۈن ئىبــادەت مەركىزىگــە ئايلانغان بولۇپ، ئــۇ جايدا خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئۇلارغا ئايان بولغان.

قولىڭىزدىكى ئۇشــبۇ ئۇيغۇرچە «زەبۇر تاللانملــرى» جەمئىي 150 كۈيدىن تەركىب تاپقــان تولۇق زەبۇرنىــڭ پەقەت بىر قىســمى بولۇپ، تولۇق زەبۇرنىــڭ تەرجىمىســى خــۇدا بۇيرىســا يېقىن كەلگۈســىدە ســىز بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

زەبــۇر كۈيلــرى خۇدانىــڭ ئىنســانلارغا ئىلھــام ۋە كۈچ-قــۇۋۋەت بېغىشــلايدىغان ســۆزلىرىدۇر. ئــۇلار ياراتقۇچى خــۇدا ۋە ئۇنىــڭ قۇدرەتلىك ئىشلىرىنى بىز ئىنسانلارغا يورۇتۇپ بېرىدۇ. بىز سىزنىڭ خۇداغا چىن قەلبىڭىز بىلەن شــۇنداقلا خۇدا كۆرســەتكەن ھەقىقەت بويىچە ئىبادەت قىلىشــڭىزغا تىلەكداشمىز. مېھىر-شەپقەتلىك خۇدا ئۆزىنى سىزگە ئايان قىلغاي. ئامىن!

## 1-كۈي

1 يامانلار سالاسىغا كىرمەيدىغان،
گۇناھكارلارنىڭ يولىدا ماڭمايدىغان،
مازاق قىلغۇچىلار* بىلەن ئارىلاشمايدىغان،
بۇنداق ئادەم نەقەدەر بەختلىكتۇر!
2 پەرۋەردىگارنىڭ تەلىملىرىدىن ئۇ سۆيۈنچ تاپار،
شۇ تەلىملەر ھەققىدە كېچەيۇكۈندۈز تەپەككۇر قىلار.
3 تىكىلگەن دەرەخ ئۇ گويا ئېرىق بويىغا،
ئۆز پەسلىدە مېۋە بېرىپ تۇرار،
يوپۇرماقلىرى سولاشماس ئەسلا،
بارلىق ئىشلىرىدا روناق تاپار.
4 بىراق يامانلار ئوخشىماس بۇنىڭغا،
ئۇلار ئوخشار شامالدا سورۇلغان توپانغا.
5 شۇڭا باش كۆتۈرەلمەس يامانلار خۇدانىڭ سورىقىدا،
تۇرالماس گۇناھكارلار ھەققانىيلار قاتارىدا.
6 پەرۋەردىگار يورۇتار ھەققانىيلار يولىنى،
يامانلار يولى باشلار ھالاكەتكە ئۇلارنى.

## 2-كۈي

1 نېمىشقا قۇتۇرار ئەللەر؟
نېمىشقا بىكارغا سۇيىقەست ئويلار خەلقلەر؟

* مازاق قىلغۇچىلار ـــ خۇدا ۋە خۇدانىڭ يولىنى مازاق قىلغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

2 سەپ تۈزىشىپ دۇنيادىكى پادىشاھلار،
ئۇرا كولىشىپ بىرلىكتە ھۆكۈمدارلار،
قارشى تۇرۇپ پەرۋەردىگار ۋە ئۇ تاللىغان پادىشاھقا،
3 دەركى ئۇلار: «ئۈزۈپ تاشلايلى ئۇلارنىڭ كىشەنلىرىنى،
چۆرۈۋېتەيلى ئۇلار بويىنىمىزغا سالغان سىرتماقلارنى.»

4 مانا، ئەرشتىكى تەختتە ئولتۇرغۇچى كۈلەر،
پەرۋەردىگار ئۇلارنى مەسخىرە قىلار.
5 ئۇ سۆزلەر ئۇلارغا غەزەپ بىلەن،
ۋەھىمگە سالار ئۇلارنى قەھرى بىلەن،
6 دەركى: «تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم پادىشاھىمنى سىئوندا،
ئۆز مۇقەددەس تېغىمدا.»

7 (پادىشاھ ئېيتاركى:)
ــ ئېلان قىلاي پەرۋەردىگارنىڭ پەرمانىنى،
دېدىكى ئۇ ماڭا: «سەن مېنىڭ ئوغلۇمسەن،
جاكارلىدىم بۈگۈن سېنىڭ ئاتاڭ ئىكەنلىكىمنى.
8 سورا مەندىن، بېرىمەن بارچە خەلقلەرنى ئىگدارچىلىقىڭغا،
پۈتۈن يەر-زېمىننى ساڭا تەئەللۇق بولۇشقا.
9 تۆمۈر كالتەك بىلەن قارشىلاشقانلارنى سۇندۇرۇپ تاشلايسەن،
ساپال كوزىنى چاققاندەك ئۇلارنى پارە-پارە قىلىسەن.»

10 ئەمدى ئەقلىڭلارنى تېپىڭلار، ئەي پادىشاھلار،
مۇنۇ ئىبرەتلىك سۆزگە قۇلاق سېلىڭلار جاھاندىكى ھۆكۈمرانلار ــ
11 ئەيمىنىش بىلەن پەرۋەردىگارغا ئىتائەت قىلىڭلار،
قورقۇڭلار ھەم شادلىنىڭلار.

12 ئوغۇلنى ئاچچىقلانمىسۇن دەپ، باش ئېگىڭلار ئۇنىڭغا،
بولمىسا هالاك بولىسىلەر ماڭغان يولۇڭلاردا،
ئۇنىڭ غەزىپى بىردىنلا تۇتىقاندا.
نەقەدەر بەختلىكتۇر پاناھ تاپقانلار ئۇنىڭدا!

## 3ـكۈي

داۋۇت ئۆز ئوغلى ئابسالومدىن قېچىپ يۈرگەندە يازغان كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، رەقىبلىرىم نەقەدەر كۆپىيىپ كەتكەندۇر،
ماڭا قارشى چىققانلار شۇنچە جىقتۇر.
2 نۇرغۇن كىشىلەر دېيىشەر مېنىڭ ئۈستۈمدىن:
«يوقتۇر ئۇنىڭغا نىجاتلىق خۇدادىن.»

سېلاھ *

3 ئەمما، ئى پەرۋەردىگار، سەن ئەتراپىمدا قالقاندۇرسەن،
شان-شۆھرىتىمسەن، قەددىمنى كۆتۈرگۈچىدۇرسەن.
4 پەرياد قىلدىم يۇقىرى ئاۋازدا پەرۋەردىگارغا،
جاۋاب بەردى ئۇ مۇقەددەس تېغىدىن ماڭا.

سېلاھ

5 مەن يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتىم،
پەرۋەردىگار ئۆز پاناھىدا ساقلىغاچ تىنچ-ئامان ئويغاندىم.
6 قورقماسمەن مىڭلىغان كىشىلەردىن،
ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلاردىن.

---

* سېلاھ ــ ئىبرانىيچە سۆز بولۇپ، بۇ سۆز ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە چۈشەندۈرۈشلەر بار: 1. «بىرئاز توختاپ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىڭلار» دېگەن مەنىدە. 2. ئىبادەت قىلغۇچىلارغا سەجدە قىلىش ھەققىدە بېرىلىدىغان بەلگە. 3. مۇزىكىدىكى مەلۇم بىر بەلگە. 4. مەرغۇل.

7 ئى پەرۋەردىگار، كەلگەيسەن!
ئى خۇدايىم، مېنى قۇتقۇزغايسەن!
ئېڭەكلىگە ئۇرسەن رەقىبلىرىمنىڭ،
چىشلىرىنى سۇندۇرسەن ئاشۇ رەزىللەرنىڭ.
8 ئى پەرۋەردىگار، سەندىن كېلەر نىجاتلىق،
ئۆز خەلقىڭنى قىلغايسەن بەرىكەتلىك.

سېلاھ

## 4ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، تارلىق سازلار تەڭكىشىدە ئېيتىلسۇن دەپ،
داۋۇت يازغان كۈي

1 نىدا قىلغىنىمدا ساڭا، جاۋاب بەرگەيسەن ماڭا،
ئېھ مېنى ئاقلىغۇچى خۇدا!
كۈلپەتتە قالغىنىمدا ئازاد قىلغانىدىڭ مېنى،
يەنە رەھىم قىلغىن ماڭا، ئاڭلىغىن دۇئايىمنى.

2 ئەي ئىنسان باللىرى!
قاچانغىچە دەپسەندە قىلىسىلەر مېنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىمنى،
قاچانغىچە سۆيىسىلەر ئەرزىمەس ئىشلارنى،
قاچانغىچە توقۇپ چىقىسىلەر ماڭا قارشى يالغانچىلىقلارنى؟
سېلاھ

3 شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى،
پەرۋەردىگار ئۆزىگە تاللايدۇ تەقۋادارىنى،
ئاڭلايدۇ پەرۋەردىگار مېنىڭ نىدايىمنى.
4 خۇدادىن قورقۇڭلار، گۇناھ قىلماڭلار.

ئورنۇقلاردا ياتقىنىڭلاردا،
سۈكۈت قىلىپ شۇنى چوڭقۇر ئويلىنىڭلار.

سېلاھ

5 چىن دىلدىن قۇربانلىقلار قىلىڭلار،
ئىشەنچىڭلارنى پەرۋەردىگارغا باغلاڭلار.

6 نۇرغۇن كىشىلەر سورار:
— ياخشىلىق كۆرستەر كىم بىزگە؟
چۈشۈرگىن ئېھ پەرۋەردىگار،
جامالىڭنىڭ نۇرىنى ئۈستىمىزگە.
7 شادلاندۇردۇڭ كۆڭلۈمنى شۇنچە زىيادە،
ئاشلىق ۋە شارابلىرى مول بولغانلارنىڭكىدىنمۇ چارە.
8 مەن بىخارامان يېتىپ ئۇخلايمەن،
چۈنكى مېنى بىخەتەر ساقلىغۇچى —
پەقەت سەن، پەرۋەردىگار ئۆزۈڭدۇرسەن.

## 5-كۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، نەيلەر تەڭكىشىدە ئېيتىلسۇن دەپ،
داۋۇت يازغان كۈي

1 ئېھ پەرۋەردىگار، سۆزلىرىمگە قۇلاق سالغايسەن،
ئاھ ئۇرۇشلىرىمغا كۆڭۈل بۆلگەيسەن.
2 ئېھ پادىشاھىم بولغان خۇدايىم، پەريادىمغا يەتكەيسەن،
چۈنكى ساڭا دۇئا قىلماقتىمەن.
3 ئېھ پەرۋەردىگار، سەھەردە ئاۋازىمنى ئاڭلايسەن،
تاڭ يورۇش بىلەن ساڭا ئىلتىجا قىلىپ جاۋابىڭنى كۈتىمەن.

4 بەرھەق، يامانلىقنى ياقتۇرمايدىغان خۇداسەن،
رەزىللىك بىلەن بىللە بولمايسەن.
5 تۇرالماس مەغرۇرلار ئالدىڭدا سېنىڭ،
ھەممىسىنى ئۆچ كۆرسەن ئەسكىلىك قىلغۇچىلارنىڭ.
6 يالغان سۆزلىگۈچىلەرنى ھالاك قىلىسەن،
قانخور، ھىيلىگەرلەردىن نەپرەتلىنىسەن.

7 بىراق مەن بولسام كىرىمەن سېنىڭ ئۆيۈڭگە،
ماڭا بولغان مول مېھىر-مۇھەببىتىڭ بولغاچقا.
سەجدە قىلىمەن ساڭا مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭدا،
سەندىن ئەيمىنىش بىلەن بىرلە.
8 ئى پەرۋەردىگار، بولغاچ دۈشمەنلىرىم ئەتراپىمدا،
يېتەكلىگەيسەن مېنى ھەققانىيلىقىڭدا،
روشەن قىلغايسەن ئۆز يولۇڭنى ئالدىمدا.

9 سەممىيلىك چىقماس ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن قەتئىي،
ئۆزگىنى ۋەيران قىلىش نىيىتىدە چىرمالغاندۇر دىلى،
ئوچۇق قەبرىدۇر ئۇلارنىڭ گېلى،
خۇشامەتكە تولغاندۇر تىلى.
10 ئى خۇدا، بېكىتكەيسەن ئۇلارنىڭ گۇناھىنى،
ئۆز سۇيىقەستلىرىدىن موللاق ئاتسۇن ئۆزلىرى.
گۇناھلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن قوغلىۋەتكەيسەن ئۇلارنى،
ساڭا ئىتائەتسىزلىك قىلغاندۇر چۈنكى.

11 ئەمما سەندە پاناھلانغانلارنىڭ ھەممىسى خۇرسەن بولسۇن،
ئۇلار ھەمىشە شادلىقتا ئالقىش قىيقاسلىرىنى كۆتۈرسۇن.

سەن ئۆزۈڭ ئۇلارنى قانتىڭ ئاستىغا ئالغايسەن،
شۇندا نامىڭنى سۆيگەنلەر سەندىن شادلانسۇن!
12 چۈنكى ئى پەرۋەردىگار، ھەققانىيلارغا بەخت ئاتا قىلىسەن،
ساخاۋىتىڭنى قالقان قىلىپ، ھەر تەرەپتىن ئۇلارنى قوغدايسەن.

## 6ـ كۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، سەككىز تارلىق سازلار تەڭكىشىدە ئېيتىلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، ئەيىبلىمگەيسەن مېنى قەھرىڭ بىلەن،
چىۋىقلىمىغايسەن غەزىپىڭ بىلەن.
2 ئى پەرۋەردىگار، رەھىم قىلغايسەن ماڭا،
زەئىپلىشىپ، تۈگىشىپ كەتتىم قەۋەتلا.
ئى پەرۋەردىگار، شىپالىق بەرگەيسەن ماڭا،
چۈنكى بوشاپ كەتتى ئۇستىخانلىرىم مانا.
3 بىئارام بولدى ئىچكى دۇنيايىم زىيادە،
ئى پەرۋەردىگار، شۇ ھالدا تۇرارمەن قاچانغىچە؟

4 كەلگەيسەن ئى پەرۋەردىگار، ساقلاپ قالغايسەن جېنىمنى،
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ بولغاچ قۇتقۇزغايسەن مېنى.
5 چۈنكى ئۆلگەنلەرنىڭ سېنى ياد ئېتىشى يوقتۇر،
گۆردە كىممۇ ساڭا شۈكۈر ئېيتۇر؟

6 نالە قىلىشتىن ھېرىپ كەتكەنمەن خېلىلا،
كۆز يېشىم دەريا بولۇر ھەر كېچىسى ئورنۇمدا،
چىلىنىپ قالۇر ئورۇن-كۆرپەم ئۇنىڭغا.

7 كۆزلىرىم خىرەلىشىپ كەتتى دەرد-ئەلەمدىن،
كاردىن چىقتى مانا بارلىق كۈشەندىلىرىم دەستىدىن.

8 بەرھەق، قۇلاق سالدى يىغا ئاۋازىمغا پەرۋەردىگار،
يېنىمدىن يوقىلىڭلار ئەي ئەسكىلىك قىلغۇچىلار.
9 پەرۋەردىگار ئاڭلىدى ئىلتىجايىمنى،
قوبۇل قىلدى ئۇ دۇئايىمنى.
10 قالىدۇ شەرمەندىلىكتە ھەم ۋەھىمىدە دۈشمەنلىرىمنىڭ ھەممىسى،
تۇيۇقسىز ئارقىغا چېكىنىپ قارايدۇ يەرگە ئۇلارنىڭ يۈزلىرى.

## 7ـكۈي

بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان كۇش ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ قىلغان سۆزىگە قارىتا
داۋۇتنىڭ پەرۋەردىگارغا ئېيتقان ناخشا-كۈيى

1 ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم، تايىمەن پاناھ سەندىن،
قۇتقۇزغايسەن مېنى بارلىق قوغلىغۇچىلاردىن،
خالاس قىلغايسەن ئۇ دۈشمەنلىرىمدىن.
2 بولمىسا، ئۇلار شىردەك مېنى تىتىپ تاشلار،
قۇتقۇزىدىغان ھېچكىمىم يوقتۇر.
3 ئى پەرۋەردىگار مېنىڭ خۇدايىم،
ئەگەر قىلغان بولسام مۇنۇ ئىشلارنى:
بۇلغىغان بولسام ناھەقلىق بىلەن قوللىرىمنى،
4 قىلغان بولسام ئىناق ئۆتكەن كىشىگە يامانلىقنى،
سەۋەبسىز بۇلىغان بولسام دۈشمىنىمنى،
5 دۈشمىنىم قوغلاپ تۇتۇۋالسۇن مېنى،

يەرگە چەيلەپ چىقىرىۋەتسۇن جېنىمنى،
توپىغا كۆمۈۋەتسۇن ئىززىتىمنى!

سېلاھ

6 ئى پەرۋەردىگار، قوپۇپ غەزىپىڭدە،
قارشى چىققايسەن قەھرلىك دۈشمەنلىرىمگە.
مەن ئۈچۈن ئويغانغىن، ئادالەتنى سورىغىن.
7 توپلاشسۇن خەلقلەر توپى ئەتراپىڭغا،
ئولتۇرغايسەن ھۆكۈم چىقىرىشقا بۈيۈكتىكى ئورنۇڭدا.
8 پەرۋەردىگار ئۆزى سوراق قىلار خەلقلەرنى بەرھەق،
ئى پەرۋەردىگار، قىلغايسەن مېنىڭ ئۈستۈمدىن ھۆكۈم،
ھەققانىيلىقىمغا مۇۋاپىق، دىيانىتىمگە لايىق.

9 ئاخىرلاشتۇرغۇزغايسەن رەزىللەرنىڭ يامانلىقىنى،
تۇرغۇزغايسەن مۇستەھكەم ھەققانىيلارنى،
ئى ھەققانىي خۇدا! سىنىغۇچىسەن قەلب بىلەن نىيەتنى.
10 بۈيۈك خۇدا مېنىڭ قالقىنىمدۇر،
ئۇ قەلبى پاكلارنى قۇتقۇزغۇچىدۇر.
11 ئادىل سوتچىدۇر خۇدا،
رەنجىيدۇ ئۇ رەزىللەردىن ھەر كۈندە.
12 گەر يانمىسا ئىنسان يامان يولىدىن،
ئۇ بىلەيدۇ قىلىچىنى،
تارتىپ بەتلەپ قويىدۇ يا ئوقىنى.
13 بەرھەق، ئۇ تەييارلىغاندۇر ئەجەللىك قوراللارنى،
ئېتىش ئۈچۈن ئوتلۇق قىلغاندۇر ئوقلىرىنى.

14 مانا، رەزىل كىشى گۇناھقا ھامىلدار بولغاندۇر،

ئۇنىڭ قورسىقىدىكى ئاچچىق زەھەردۇر،
تۇغقان بالىسى بولسا يالغانچىلىقتۇر.
15 باشقىلار ئۈچۈن كولىغان چوڭقۇر ئورىغا،
يىقىلىپ چۈشەر ئۇ ئۆزى مانا.
16 يېنىپ كېلىدۇ ئۆز يامانلىقى ئۆزىگە،
چۈشىدۇ ئۆز زوراۋانلىقى ئۆز بېشىغا.

17 ھەققانىيلىقى ئۈچۈن ئېيتىمەن تەشەككۈر پەرۋەردىگارغا،
ياڭرىتىمەن ناخشا بۈيۈك پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا!

## 8-كۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «گىتتىف»تا* ئورۇنلانسۇن دەپ،
داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، رەببىمىز،
نامىڭ نېمىدېگەن ھەيۋەتلىكتۇر پۈتكۈل يەر يۈزىدە!
شان-شەرىپىڭنى نامايان قىلدىڭ ھەم ئاسمان-پەلەكتە!

2 تىللىرىدىن ئۆزۈڭگە مەدھىيە كەلتۈردۈڭ بالىلار ۋە بوۋاقلارنىڭ،
ئېغىزلىرىنى يۇمشى ئۈچۈن رەقىب ۋە قارشى تۇرغۇچىلىرىڭنىڭ.

* گىتتىف — «گات» شەھرىدە ئىجاد قىلىنغان بىر خىل ساز ياكى ئاھاڭ. يەنە بىر چۈشەندۈرۈلۈش بويىچە بىرەر بايرام ياكى مۇراسىمدا ئېيتىلغان ناخشىدۇر.

3 قارىغىنىمدا ئاسمانغا ــ بارماقلىرىڭنىڭ ئىجادىغا،
ئۆزۈڭ ئورۇنلاشتۇرغان ئايغا ھەم يۇلتۇزلارغا،
دەيمەنكى:
4 ئىنسان نېمىتى، سەن ئۇنى ياد ئەتكۈدەك؟
ئادەم بالىسى نېمىتى، سەن ئۇنىڭغا شۇنچە كۆڭۈل بۆلگۈدەك؟
5 پەرىشتىلەردىن بىرئاز تۆۋەن قىلدىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى،
كىيدۈردۈڭ ئۇنىڭغا شان-شۆھرەت تاجىنى.
6 باشقۇرغۇزدۇڭ ئۇنىڭغا كۈللى دۇنيانى،
قويدۇڭ ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىغا پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ــ
7 بارلىق قوي-كالا، ياۋايى جانىۋارلارنى،
8 ئاسماندىكى ئۇچارقاناتلار، دېڭىزدىكى بېلىقلارنى،
دېڭىزدا ئۈزگۈچى جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى.

9 ئى پەرۋەردىگار، رەببىمىز،
نېمدېگەن ھەيۋەتلىكتۇر پۈتكۈل يەر يۈزىدە نامىڭ!

## 9ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ «مۇت-لاببەن»دە* ئېيتىلسۇن دەپ،
داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، پۈتۈن قەلبىم بىلەن ساڭا تەشەككۈر ئېيتىمەن،
بارچە ئاجايىپ ئىشلىرىڭنى بايان ئەيلەيمەن.
2 سەندىن شادلىنىپ خۇشال بولىمەن،
ئى بۈيۈك خۇدا، نامىڭنى كۈيلەيمەن.

* مۇت-لاببەن ــ بىر خىل مۇزىكا ئاھاڭىنىڭ نامى بولۇشى مۇمكىن.

3 يانغىنىدا دۈشمەنلىرىم كەينىگە،
يىقىلىپ هالاك بولىدۇ ئۇلار ئالدىڭدا.
4 چۈنكى سەن ئاقلىدىڭ مېنى هەق دەۋايىمدا،
هەققانىي هۆكۈم چىقاردىڭ، ئولتۇرۇپ سەن تەختىڭدە.
5 سوراق قىلدىڭ يات ئەللەرنى،
هالاك قىلدىڭ شۇ رەزىللەرنى،
ئۆچۈرۈۋەتتىڭ مەڭگۈگە ئۇلارنىڭ ناملىرىنى.
6 ۋەيران بولۇپ دۈشمەنلەر ئەبەدكە،
ئايلاندى شەهەرلىرى خارابىلىككە،
قالمىدى ئۇ جايلارنىڭ ئىزلىرى خاتىرىدە.

7 پەرۋەردىگار تەختىدە مەڭگۈ ئولتۇرار،
هۆكۈم ئۈچۈن ئۇ ئۆز تەختىنى قۇرغاندۇر.
8 دۇنيانى ئۇ هەققانىيلىق بىلەن سوراق قىلار،
خەلقلەر ئۈستىدىن ئادىللىق بىلەن هۆكۈم چىقىرار.
9 پەرۋەردىگار ئېزىلگۈچىلەرگە قورغاندۇر،
ئۇ ئازابلىق كۈنلەردىكى پاناهگاهتۇر.
10 سېنى يۈرىكىدىن تونۇغۇچىلار ساڭا باغلىغاندۇر ئىشەنچىنى،
چۈنكى سەن، ئى پەرۋەردىگار، تەرك ئەتمەيسەن ساڭا تەلپۈنگەنلەرنى.

11 ياڭرىتىڭلار ناخشا سىئوندا تۇرغۇچى پەرۋەردىگارغا،
بايان ئەيلەڭلار ئۇنىڭ ئىشلىرىنى خەلقلەر ئارىسىدا.
12 چۈنكى ئۇ ئالغۇچىدۇر تۆكۈلگەن قاننىڭ هېسابىنى،
ياد ئېتىپ بىچارىلەرنى، ئۇنتۇمايدۇ ئۇلارنىڭ پەريادىنى.

13 ئى پەرۋەردىگار، ماڭا شەپقەت كۆرسەتكىن،
ئۆچمەنلىك قىلغۇچىلاردىن كەلگەن زەخمىتىمگە قارىغىن،
مېنى تارتىۋالغۇچىسەن ئۆلۈمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن!
14 شۇنىڭ بىلەن بايان ئەيلەي سىئون* دەرۋازىلىرىدا،
بارلىق ئاجايىپ ئىشلىرىڭنى خەلقلەر ئالدىدا،
سېنىڭ نىجاتىڭدىن چۆمۈلىمەن شادلىققا.

15 يات ئەللەر چۈشۈپ كەتتى ئۆزلىرى كولىغان ئورىغا،
پۇتلىرى ئىلىنىشىپ قالدى ئۆزلىرى يوشۇرۇن قويغان تورغا.
16 تونۇتتى ئۆزىنى پەرۋەردىگار چىقارغان ھۆكۈمى بىلەن،
چۈشلىپ قالدى يامانلار ئۆز قوللىرىنىڭ قىلغانلىرى بىلەن.
خىگگائون* سېلاھ
17 كېتىدۇ ئۆلۈكلەر دىيارىغا يامان ئادەملەر،
خۇدانى ئۇنتۇغان بارلىق ئەللەر.
18 موھتاجلار بولسا مەڭگۈ ئۇنتۇلۇۋەرمەيدۇ،
ئېزىلگەنلەرنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ.

19 ئى پەرۋەردىگار، قوزغالغىن، غالىب كەلمىسۇن رەزىللەر،
سېنىڭ ئالدىڭدا سوراق قىلىنسۇن يات ئەللەر.
20 ئى پەرۋەردىگار، سالغىن قورقۇنچقا ئۇلارنى،
بىلىپ يەتسۇن ئۆزلىرىنىڭ پەقەتلا بەندە ئىكەنلىكىنى.
سېلاھ

---

* سىئون — يېرۇسالېم شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.
* خىگگائون — ئېنىق مەنىسى نامەلۇم بولۇپ، «سېغىنىپ سۆكۈت قىلىش» ياكى «مۇزىكا پەس ئاۋازلىق بولۇشى كېرەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

# 10-كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، نېچۈن مەندىن يىراق تۇرىسەن؟
نېچۈن ئازابلىق كۈنلەردە ئۆزۈڭنى يوشۇرىسەن؟
2 زۇلۇم سالماقتا ئاجىزلارغا تەكەببۇرلۇقى بىلەن يامانلار،
چۈشۈپ قالماقتا ئۇلارنىڭ تۇزاقلىرىغا ئاجىزلار.
3 پەخىرلىنەر يامانلار ئۆز ئارزۇ-ھەۋەسلىرى بىلەن،
ئۇچۇرار ئاچكۆزلەرنى ماختاشلىرى بىلەن،
كۆزگە ئىلماس ئۇلار پەرۋەردىگارنى.
4 ئىزدىمەس خۇدانى يامانلار ھاكاۋۇرلۇقىدا،
خۇدا يوقتۇر ئۇلارنىڭ ئوي-خىياللىرىدا.
5 ئوڭۇشلۇقتۇر ئۇلارنىڭ يوللىرى ھەمىشە،
ھۆكۈملىرىڭنىڭ بېشىغا كېلىشىنى ئالماس نەزىرىگە،
مەغرۇر ھالدا «خىك» قىلىشار دۈشمەنلىرىگە.
6 ئۇلار دەر ئۆز كۆڭۈللىرىدە:
«تەۋرەنمەسمەن، ئۇچرىماسمەن ھېچقاچان كۈلپەتلەرگە.»
7 ئېغىزلىرى تولغاندۇر ئۇلارنىڭ لەنەت، زورلۇق ھەم ھىيلىگە،
چاچار زەھەر ۋە يامانلىق تىللىرىنىڭ ئۇچىدا.
8 مۆكۈپ ئولتۇرۇپ ئۇلار كەنتلەرنىڭ پىنھان جايلىرىدا،
بىگۇناھنى قەتل قىلار بۆكتۈرمىدە.
كۆزلىرى تىكىلەر پاناھسىزلارغا.
9 پايلاپ تۇرار ئۇلار چاتقاللىقتىكى شىر كەبى،
ساقلاپ ياتار تۇتۇشقا ئاجىزلارنى،
ئۆز تورىغا چۈشۈرۈپ تۇتۇۋالار ئۇلارنى.
10 مۆكۈنۈپ، پۇرسەت كۈتەر يامانلار،
ئۇلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشەر پاناھسىزلار.

11 دەر بۇ يامانلار ئۆز كۆڭۈللىرىدە: «خۇدا ئۇنتۇپ قالدى،
يېپىۋالغان كۆزلىرىنى، ھەرگىز كۆرمەس بىزنى.»

12 ئى پەرۋەردىگار، كېلىپ جازالىغايسەن يامانلارنى.
ئى خۇدا، ئۇنتۇمىغايسەن بىچارىلەرنى!
13 نېچۈن كۆزىگە ئىلماس يامانلار سېنى،
نېچۈن كۆڭۈللىرىدە دەر «سورىمايدۇ خۇدا مېنى»؟
14 ئەمەلىيەتتە كۆرۈپ تۇرغانسەن بۇلارنى،
ئۇلارنىڭ زەھەرخەندىلىكى ھەم زۇلۇمىغا،
تاشلاپ تۇرۇۋاتقانسەن نەزىرىڭنى،
ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆز ئالقىنىڭغا.
تاپشۇرار ساڭا بىچارە پاناھسىزلار ئۆزلىرىنى،
ياردەم قىلغۇچىسەن يېتىم-يېسىرلارغا.
15 سۇندۇرغايسەن رەزىللەر ۋە يامانلارنىڭ بىلەكلىرىنى،
رەزىللىكلىرى يوقالغۇچە جازالىغايسەن ئۇلارنى.

16 ئەبەدىلئەبەدكە پەرۋەردىگار پادىشاھتۇر،
يوقىلار ئۇنىڭ زېمىنىدىن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمىغان خەلقلەر.
17 ئى پەرۋەردىگار، بىچارىلەرنىڭ ئارزۇلىرىنى ئاڭلىدىڭسەن،
ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىگە قۇۋۋەت بېرىسەن،
نىدالىرىغا بولسا قۇلاق سېلىپ تۇرىسەن.
18 قوغدايسەن يېتىم-يېسىر ۋە ئېزىلگەنلەرنىڭ ھەققىنى،
شۇندا پانىي ئالەمدىكى ھېچكىم يەنە قورقۇتالماس ئۇلارنى.

## 11ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي

1 تاپقان تۇرسام پەرۋەردىگاردىن باشپاناھ،
نېمە دېگىنىڭلار ماڭا:
«قۇشقاچتەك ئۇچۇپ كەت ئۆز تېغىڭغا!
2 مانا يامانلار تارتىپ يايىنى،
تەق قىلدى ئوقدانغا سېلىپ ئوقىنى،
يوشۇرۇن ئاتماقچى بولۇپ كۆڭلى دۇرۇسلارنى.
3 نېمىمۇ قىلالار ئەمدى ھەققانىي كىشى،
بۇزۇلسا ھەققانىيلىقنىڭ ئۇللىرى؟»

4 پەرۋەردىگار مۇقەددەس دەرگاھىدىدۇر،
ئۇنىڭ تەختى ئەرشتىدۇر.
دىققەتتە تىكىلەر ئىنسانغا ئۇنىڭ كۆزلىرى،
كۆزىتىپ تۇرار ئۇ ھەممە ئىنسانلارنى.
5 شۇنداق، كۆزىتەر پەرۋەردىگار ھەققانىي ۋە رەزىل كىشىنى،
ئۆچ كۆرەر زوراۋانلىقنى ياخشى كۆرگۈچىنى.
6 ياغدۇرار چوغ ۋە ئوتلۇق گۈڭگۈرتلەرنى ئۈستىگە يامانلارنىڭ،
قىزىق شامال نېسىۋىسىدۇر ئۇلارنىڭ.
7 چۈنكى پەرۋەردىگار ھەققانىيدۇر، سۆيەر ھەققانىيلىقنى،
كۆڭلى دۇرۇسلار كۆرەر ئۇنىڭ چېھرىنى.

## 12ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، شېمىنىت* بىلەن ئېيتىلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي

1 قۇتقۇزغىن، ئى پەرۋەردىگار!
تۈگەپ كەتتى تەقۋادارلار،
قالمىدى ئىنسانلار ئارىسىدا ساڭا سادىقلار.
2 كىشىلەر بىر-بىرىگە يالغان ئېيتىشار،
ساختىپەزلىك بىلەن خۇشامەت قىلىشار.
4-3 دەيدۇكى ئۇلار: «تىلىمىز بىلەن غالىب كېلىمىز،
ئۆزىمىزنىڭكىدۇر ئېغىزىمىز، كىممۇ بولالايتتى بىزنىڭ غوجىمىز؟»
خۇشامەتچىلەرنىڭ ئېغىزلىرىنى پەرۋەردىگار ئەتكەي،
چوڭ سۆزلىگۈچىلەرنىڭ تىللىرىنى كېسىۋەتكەي.

5 «مەن باراي، زۇلۇم تارتقاچ ئېزىلگەنلەر، نالە قىلغاچ مىسكىنلەر،
يەتكۈزەي ئۇلارنى تەشنا بولغان ئامانلىقىغا» دەركى پەرۋەردىگار.

6 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرى چىن سۆزلەردۇر،
تونۇردا يەتتە قېتىم تاۋلانغان ساپ كۈمۈشتەكتۇر.

7 ئى پەرۋەردىگار، سەن بىزنى ئۆزۈڭ ساقلايسەن،
بۇ دەۋردىكى ئەسكىلەردىن مەڭگۈ قوغدايسەن.

8 تەرىپلىگەندە پەس ئىشلارنى ئىنسانلار،
غادىيىپ يۈرىشىدۇ ھەريادا يامانلار.

---

* شېمىنىت ـــ سەككىز تارلىق ساز ياكى بىر خىل مۇزىكا ئاھاڭى.

## 13ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، قاچانغىچە مېنى ئۇنتارسەن، مەڭگۈگىمۇ؟
قاچانغىچە مەندىن يۈزىڭنى يوشۇرارسەن؟
2 قاچانغىچە قىلارمەن ئەندىشە، كۈن بويى قايغۇ-ھەسرەت تولۇپ ئىچىمگە؟
قاچانغىچە دۈشمىنىم دەسسەپ تۇرار يەلكەمگە؟

3 ئى خۇدايىم پەرۋەردىگار، جاۋاب بەرگىن، سېلىپ نەزىرىڭنى ماڭا!
نۇرلاندۇرغىن كۆزلىرىمنى، بولمىسا كېتەرمەن مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا.
4 بولمىسا، «مەن ئۇنىڭدىن غالىب كەلدىم» دەپ ئېيتار دۈشمىنىم،
خۇش بولار ھەم يىقىلغىنىمدا رەقىبلىرىم.

5 تايىنىپ كەلگەنمەن ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭگە،
نىجاتىڭدىن تولۇپ تاشسۇن شادلىق كۆڭلۈمدە.
6 ئەيلىگەچكە ئىنايەت سەن ماڭا،
ئېيتارمەن ئى پەرۋەردىگار، ناخشا ساڭا.

## 14ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي

1 ئەخمەقلەر ئۆز كۆڭلىدە خۇدا يوق دېيىشۇر،
ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى رەزىل ۋە يىرگىنچلىكتۇر.
بىرمۇ توغرا يولدا ماڭغۇچى يوقتۇر.
2 ئەرشتىن پەرۋەردىگار ئىنسانغا سېلىپ نەزەر،
«بارمىكىن ئاقىل، مېنى ئىزدىگۈچى؟» دەپ كۆزىتەر.

3 بىردەك بۇزۇلغان، ھەممىسى ئازغۇچى،
ھەتتا بىرىمۇ يوقتۇر توغرا يولدا ماڭغۇچى.

4 چۈشەنمەسمۇ ئەجىبا قىلمىشلىرىنى پاسىقلار،
خەلقىمنى ئۇلار نان يېگەندەك يەپ يۇتار،
ئىبادەت قىلماس پەرۋەردىگارغا ئۇلار.
5 بولغاچ خۇدا ھەققانىيلار بىلەن بىرگە،
مانا باسماقتا ئەخمەقلەرنى ۋەھىمە.
6 يوققا چىقارماقچىسىلەر ئاززۇلىرىنى ئېزىلگەنلەرنىڭ،
ئەمما پەرۋەردىگار پاناھىدۇر ئۇلارنىڭ.

7 ئىسرائىللارغا نىجاتلىق سىئوندىن چىقىپ كەلسە ئىدى!
ھۆرلۈككە چىقارغىنىدا پەرۋەردىگار ئاسارەتتىكى ئۆز خەلقىنى،
شادلىنار ئىسرائىللار، سۆيۈنەر ياقۇپ ئەۋلادى.

## 15ـ كۈي

داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، كىم كىرەلەيدۇ مۇقەددەس چېدىرىڭغا؟
كىم تۇرالايدۇ ئىبادەت قىلىشقا مۇقەددەس تېغىڭدا؟
2 تۇرالار ئۇ يەردە توغرا يولدا ماڭىدىغان،
ھەققانىي ئىش قىلىپ، قەلبىدە ھەقىقەتكە قوشۇلىدىغان،
3 باشقىلارغا قارا چاپلىمايدىغان،
دوستىغا يامانلىق قىلمايدىغان،
قوشنىسىنى ھاقارەتلىمەيدىغان،
4 پەسكەش ئادەمدىن يىرگىنىدىغان،
پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىدىغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان،

ئۆزى زىيان تارتسمۇ ۋەدىسىدە تۇرىدىغان،
5 پۇلنى ئۆسۈمگە بەرمەيدىغان،
بىگۇناھنىڭ زىيىنىغا پارە يېمەيدىغان كىشى.
مەڭگۈ تەۋرەنمەس مانا مۇشۇلارنى قىلغۇچى.

## 16ـكۈي

داۋۇت يازغان مىقتام*

1 ئى خۇدا، ئۆزۈڭ مېنى ساقلىغىن!
چۈنكى پاناھ تاپارمەن سەندىن.
2 ئېيتتىمكى پەرۋەردىگارغا: «ئىگەمدۇرسەن ئۆزۈڭ،
يوقتۇر سەندىن باشقا ھېچ بەختىم مېنىڭ.»
3 ئالىيجانابدۇر يەر يۈزىدىكى تەقۋادار خەلقىڭ،
ھەممە خۇشاللىقىمدۇر ئۇلار مېنىڭ.
4 كىمكى چوقۇنۇشقا بۇرۇلسا غەيرىي ئىلاھلارغا،
ئاشار ئۇنىڭ دەردلىرى قەۋەتلا.
قان ئېقتىماسمەن، ئاتاپ ئاشۇ ئىلاھلارغا،
ئالماسمەن ھەتتا ناملىرىنى تىلىمغا.

5 پەرۋەردىگار ئۆزى مېنىڭ نېسىۋەم،* ئىستىقبالىمدۇر،
مېنىڭ كېلەچىكىم ئى پەرۋەردىگار، سېنىڭ قولۇڭدىدۇر.

* مىقتام ــ بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس. ئۇ تارىختا تاش تاختا ئۈستىگە ئويۇلۇپ يېزىلغان زەبۇر كۈيلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.
* نېسىۋەم ــ ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بولۇپ، خۇدا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا يەر-زېمىن ئاتا قىلغان. پەقەت لاۋىي دېگەن ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرىغا يەر-زېمىن بەلگىلەپ بەرمىگەن. چۈنكى خۇدا لاۋىيلارنى ئۆزىگە روھانىي خىزمەت قىلىشقا تاللىۋالغان ۋە ئۇلارغا «مەن ئۆزۈم سىلەرنىڭ نېسىۋەڭلار بولىمەن» دېگەن.

6 ئېسىل ئۈلۈشۈم ماڭا ئايرىپ بېرىلگەندۇر،
شۇنداق، ئاجايىپ تەئەللۇقاتىم باردۇر!

7 ھەمدۇسانا ئېيتىمەن نەسىھەتچىم پەرۋەردىگارغا،
ھەتتا كېچىلىرى كۆرسىتەر ۋىجدانىم توغرىنى ماڭا.
8 تۇتارمەن ھەر دائىم پەرۋەردىگارنى يادىمدا،
ئوڭ يېنىمدا بولغاچ ئۇ، تەۋرەنمەسمەن پەقەتلا.
9 شۇڭا شادتۇر قەلبىم، خۇشالدۇر روھىم،
بىخەتەر تۇرار ھەم مېنىڭ تېنىم.
10 چۈنكى جېنىمنى تاشلاپ قويمايسەن ئۆلۈكلەر دىيارىغا،
يول قويمايسەن مۇقەددەس تەقۋادارىڭنىڭ تېنىنىڭ چىرىشىگە.
11 ماڭا ھاياتلىق يولىنى ئايان قىلغۇچى ئۆزۈڭدۇر،
تولۇپ تاشقان خۇشاللىق ھۇزۇرۇڭدىدۇر،
مەڭگۈلۈك سۆيۈنچ ئوڭ قولۇڭدىدۇر.

## 17-كۈي

داۋۇتنىڭ بىر دۇئاسى

1 ئى پەرۋەردىگار، قۇلاق سالغايسەن ھەق ئەرزىمگە،
ئېتىبار بەرگەيسەن پەريادىمغا.
كۆڭۈل قويغايسەن ساختىلىقتىن خالىي دۇئالىرىمغا.
2 چىقارغايسەن مەن توغرۇلۇق ھۆكۈمنى،
چۈنكى كۆزلىرىڭ كۆرەر ئادىللىقنى.
3 قەلبىمنى سىناپ باقتىڭ،
كېچىدە يېنىمغا كېلىپ تەكشۈردۈڭ.

مېنى تاۋلاپ كۆردۈڭ،
مەندىن ھېچبىر نۇقسان تاپالمىدىڭ،
«ئاغزىمدىن كەتمەي» دەپ قارار قىلدىم.
4 تايىنىپ ئاغزىڭدىن چىققان سۆزۈڭگە سېنىڭ،
يوللىرىدىن ئۆزۈمنى تارتتىم زوراۋانلارنىڭ،
قوشۇلمىدىم قىلمىشلىرىغا ئىنسانلارنىڭ.
5 ئىزىڭدىن ماڭغاندۇرمەن قەدەم ئېلىپ،
شۇڭا كەتمىگەندۇر پۇتلىرىم تېيىلىپ.

6 ئى ئىگەم، ئىلتىجا قىلدىم ساڭا،
جاۋاب بەرگەچكە سەن ماڭا.
سۆزلىرىمنى سەن تىڭشىغىن،
ماڭا قۇلاق سالغىن.
7 ئاجايىپ زاھىر ئەتكىن ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى،
ئى ئۆزۈڭگە تايانغانلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى،
ھۇجۇم قىلغۇچىلىرىدىن ئاجرىتىپ ئالىدۇ ئوڭ قولۇڭ ئۇلارنى.
8 كۆز قارچۇقۇڭدەك ئاسرىغىن مېنى،
قاناتلىرىڭ ئاستىغا يوشۇرغىن مېنى،
9 ھالاك قىلماقچى بولغان رەزىللەردىن،
مېنى قورشىۋالغان ئەشەددىي دۈشمەنلىرىمدىن.
10 تاشتەك قاتتىق ئۇلارنىڭ باغرىلىرى،
چوڭ سۆزلەيدۇ ئېغىزلىرى.
11 كەينىمگە چۈشۈپ، مانا قورشىۋالغاندۇر ئەتراپىمنى،
يەرگە ئۇرۇش مەقسىتىدە مېنى.
12 ئۇلار ئوخشار ئوۋ تالاشقا ھېرىسمەن شىرغا،
ئوخشار بۆكتۈرمىدە ساقلاپ تۇرغان ياش شىرغا.

13 كەلگەيسەن ئى پەرۋەردىگار،
ئالدىنى توسۇپ، تىز پۈكتۈرگەيسەن ئۇلارنى،
قىلىچىڭ بىرلە، قۇتقۇزغايسەن رەزىللەردىن جېنىمنى.
14 ئى پەرۋەردىگار، بۇ دۇنيادىكى ئاشۇ كىشىلەردىن،
ئۆز قولۇڭ بىلەن مېنى قۇتقۇزغىن.
پەقەت مۇشۇ دۇنيادىدۇر ئۇلارنىڭ نېسىۋىسى،
نېمەتلىرىڭ بىلەن تويدۇرسەن قورسىقىنى.
پەرزەنتلىرى بىلەن قاندى كۆڭۈللىرى،
ئۇلار باللىرىغا قالدۇرار مال-مۈلكىنى.
15 مەن ھەققانىيلىقتا يۈزۈڭنى كۆرەرمەن،
ئويغانغىنىمدا دىدارىڭغا قانارمەن.

## 18ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ، پەرۋەردىگارنىڭ بەندىسى داۋۇت يازغان كۈي. پەرۋەردىگار داۋۇتنى بارلىق دۈشمەنلىرى ۋە پادىشاھ سائۇلدىن قۇتقۇزغان كۈنى داۋۇت بۇ كۈينى پەرۋەردىگارغا ئوقۇغان. داۋۇت مۇنداق دېگەن:

1 ئى پەرۋەردىگار، سۆيىمەن سېنى، سەن مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىم.
2 پەرۋەردىگاردۇر ـــ مېنىڭ قىيا تېشىم، قورغىنىم، نىجاتكارىم،
مېنىڭ خۇدايىم، پاناھ تاپىدىغان گىگانت تېغىم،
قالقىنىم، يېڭىلمەس قۇتقۇزغۇچىم، باشپاناھىم.
3 ئىلتىجا قىلارمەن مەدھىيىگە لايىق پەرۋەردىگارغا،
دۈشمەنلىرىم قوللىرىدىن قۇتقۇزۇلارمەن شۇندا.

4 ئۆلۈمنىڭ ئاسارەتلىرى مېنى قورشىۋالدى،
ھالاك قىلغۇچى دولقۇنلار مېنى چۇمكىۋالدى.

5 چىرمىۋالدى مېنى ئۆلۈكلەر دىيارىنىڭ تانىلىرى،
ئالدىمدا كۈتۈپ تۇراتتى ئۆلۈم تۇزاقلىرى.
6 ئىلتىجا قىلدىم ئېغىر كۈلپەتتە پەرۋەردىگارغا،
سورىدىم ياردەم نالە ئەيلەپ خۇدايىمغا.
ئاۋازىمنى ئاڭلىدى ئۇ دەرگاھىدا،
نالەم مېنىڭ يېتىپ باردى ئۇنىڭ قۇلىقىغا.

7 شۇ چاغ يەر-زېمىن سىلكىنىپ، تەۋرەپ كەتتى،
تاغلارنىڭ ئۇللىرى تىترەپ، مىدىرلاپ كەتتى،
چۈنكى ئۇ قاتتىق غەزەپكە كەلدى.
8 ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئىس-تۈتەك چىقتى.
ئاغزىدىن دەھشەتلىك ئوت ئېتىلدى،
قىپ-قىزىل چوغلارمۇ لاۋۇلداپ كەتتى.
9 ئۇ كۆكنى يېرىپ چۈشكەندە يەرگە،
قارا بۇلۇت تۇردى پۇتلىرى ئاستىدا.
10 ئۇ مىنىپ ئۇچتى بىر «كېرۇب»قا، *
پەرۋاز قىلدى شامالنىڭ قاناتلىرىدا.
11 قاراڭغۇلۇقنى ئۆزىگە يېپىنچا قىلدى،
قويۇق قارا بۇلۇتلار ئۇنى قورشاپ تۇردى.
12 يورۇتتى ئۇنىڭ پارلاق نۇرى ئالدىنى،
ياغدۇرۇپ مۆلدۈر ۋە قىپ-قىزىل چوغلارنى،
ئۇلار پارچىلىدى قاپ-قارا بۇلۇتلارنى.

* كېرۇب ــ ئىنتايىن كۈچلۈك بىر خىل قاناتلىق مەخلۇق (تەۋراتتىكى «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 3: 24).

13 پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى ئاسماندا گۈلدۈرلىدى،
بۈيۈك خۇدا ياڭراتتى ئاۋازىنى،
ياغدۇرۇپ مۆلدۈر ۋە قىپ-قىزىل چوغلارنى.
14 ئوقلىرىنى ياغدۇرۇپ، ئۇ تارقىتىۋەتتى دۈشمەنلىرىنى،
چاقماقلار چاقتۇرۇپ تىرە-پىرەڭ قىلدى ئۇلارنى.
15 ئى پەرۋەردىگار، تەنبىھىڭدىن،
قەھرىڭ نەپىسىڭنىڭ زەربىسىدىن،
كۆرۈنۈپ قالدى دېڭىزنىڭ تېگى،
ئاشكارا بولدى زېمىننىڭ ئۇلى.

16 پەرۋەردىگار كۆكتىن قولىنى سۇنۇپ مېنى تۇتتى،
چوڭقۇر سۇلاردىن تارتىپ ئالدى.
17 مېنى ۋەھشىي دۈشمىنىمدىن،
ماڭا ئۆچ بولغانلاردىن قۇتقۇزدى،
چۈنكى ئۇلار مەندىن كۈچلۈك ئىدى.
18 بالاغا يولۇققىنىمدا ئۇلار ماڭا ھۇجۇم قىلدى،
ئەمما پەرۋەردىگار يار-يۆلەكىم بولدى.
19 ئۇ مېنى بىخەتەر جايغا ئېلىپ چىقتى،
مەندىن سۆيۈنگەچ ماڭا نىجاتلىق بەردى.

20 پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىم ئۈچۈن ماڭا ياخشىلىق قىلدى،
قولۇمنىڭ پاكلىقىدىن ماڭا ئىنئام بەردى.
21 چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ يولىدا مېڭىپ كەلدىم،
رەزىللىك قىلىپ خۇدايىمدىن يۈز ئۆرمىدىم.
22 بەرھەق، دائىم كۆز ئالدىمدىدۇر بارلىق ھۆكۈملىرى،
بىر ياققا قايرىپ قويمىدىم ئۇنىڭ پەرمانلىرىنى.

23 ئۇنىڭ ئالدىدا غۇبارسىز بولدۇم،
ئۆزۈمنى گۇناھ قىلىشتىن ساقلىدىم.
24 ئىنئامنى بەردى پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىم ئۈچۈن،
ئۇنىڭ ئالدىدا قولۇمنىڭ پاكلىقى ئۈچۈن.

25 ئى پەرۋەردىگار، ۋاپادارلارغا كۆرسىتىسەن ۋاپادارلىقىڭنى،
ھەققانىي ئادەملەرگە ھەققانىيلىقىڭنى.
26 كۆرسىتىسەن پاكلىقىڭنى پاك ئادەملەرگە،
لايىقىدا جاۋاب قايتۇرىسەن ئەگرىلەرگە.
27 قۇتقۇزىسەن ئىلاجىسىز قالغان كىچىك-پېئىللارنى،
يەرگە ئۇرىسەن غادىيىپ ئاسمانغا قارىغانلارنى.
28 پەرۋەردىگار، ئۆزۈڭسەن ياققۇچى ھايات چىرىغىمنى،
ئى خۇدايىم، يورۇقلۇققا ئايلاندۇرىسەن زۇلمىتىمنى.
29 بەرھەق، ساڭا تايىنىپ، دۈشمەن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلالايمەن،
سېنىڭ ياردىمىڭدە خۇدايىم، ئۇلارنىڭ سېپىللىرىدىن ئاتلاپ ئۆتەلەيمەن.

30 خۇدانىڭ يولى كامىلدۇر،
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ھەقتۇر،
پاناھ ئىزدىگۈچىلەرگە خۇدا قالقاندۇر.
31 پەرۋەردىگاردىن باشقا كىم خۇدا ئىكەن؟
خۇدايىمىزدىن باشقا كىممۇ بىز پاناھلىنىدىغان قىيا تاش ئىكەن؟
32 خۇدادۇر كۈچ-قۇدرەت بىلەن بېلىمنى باغلىغۇچى،
مېنىڭ يولۇمنى نۇقسانسىز قىلغۇچى.
33 ئۇ كېيىكنىڭكىدەك يۈگۈرۈك قىلار پۇتلىرىمنى،
ئېگىز تاغلاردا ھەم مەزمۇت تۇرغۇزار مېنى.
34 قوللىرىمنى جەڭ قىلىشقا ئۆگىتەر،

شۇندا بىلەكلىرىم تۇچ ئوقيانى تارتار.
35 بەرگەنسەن ھەم ماڭا نىجاتلىق قالقىنىڭنى،
ئوڭ قولۇڭ يۆلەپ، مۇلايىملىقىڭ يۈكسەلدۈرەر مېنى.
36 كەڭ قىلغانسەن باسقان يەرلەرنى قەدىمىم،
تېيىلىپ كەتمەس پۇتلىرىم.

37 رەقىبلىرىمنى قوغلاپ تۇتۇۋالدىم،
ئۇلارنى يوق قىلماي يانمىدىم.
38 مەن ئۇلارنى يانجىۋەتتىم، تۇرالماس قايتا،
يىقىلدى ئۇلار پۇتلىرىم ئاستىدا.
39 بېلىمنى كۈچ-قۇدرەت بىلەن باغلىدىڭ جەڭگە،
ھۇجۇم قىلغانلارنى باش ئەگدۈردۈڭ پۇتلىرىم تېگىدە.
40 بۇرۇلۇپ چېكىنىشكە مەجبۇرلىدىڭ رەقىبلىرىمنى،
يوق قىلىۋەتتىم ماڭا ئۆچ بولغانلارنى.
41 ئۇلار پەرياد كۆتۈرگىنى بىلەنمۇ قۇتقۇزىدىغانلار چىقمىدى،
ھەتتا پەرۋەردىگارغا نالە قىلسىمۇ ئۇ جاۋاب بەرمىدى.
42 ئۇلارنى ئېزىپ، شامالدا سورۇلغان چاڭ-توزاندەك قىلىۋەتتىم،
كوچىدىكى لايدەك دەسسەپ چەيلىۋەتتىم.

43 خەلق بىلەن قارشىلىشىشتىن مېنى خالاس قىلدىڭ،
سەن مېنى يات ئەللەرگە باش قىلدىڭ،
يات خەلقلەر بولماقتا خىزمىتىمدە مېنىڭ.
44 ئاۋازىمنى ئاڭلىشى بىلەنلا بويسۇنىدۇ ئۇلار ماڭا،
تەسلىم بولىدۇ يات ئەللەر شۈمشىيىپ ئالدىمدا.
45 جاسارىتىنى يوقىتىدۇ يات ئەللەر،
تىترىگەن ھالدا چىقىشىدۇ قورغانلىرىدىن ئۇلار.

46 پەرۋەردىگار ھاياتتۇر مەڭگۈ،
ئۇ قىيا تېشىمغا ئېيتىلسۇن ھەمدۇسانا،
ئۇلۇغلانسۇن نىجاتكارىم بولغان خۇدا.
47 خۇدادۇر قىساس ئېلىپ بەرگۈچى ماڭا،
بويسۇندۇرغۇچىدۇر خەلقلەرنى قول ئاستىمغا.
48 ئۇ قۇتقۇزدى مېنى دۈشمەنلىرىمدىن،
بەرھەق، سەن مېنى ئۈستۈن قىلدىڭ ماڭا ھۇجۇم قىلغانلاردىن،
قۇتۇلدۇردۇڭ مېنى زوراۋانلاردىن.
49 شۇڭا شۈكۈر ئوقۇيمەن ساڭا، ئى پەرۋەردىگار، يات ئەللەر ئالدىدا،
سېنىڭ نامىڭنى كۈيلەپ ئېيتىمەن ناخشا.
50 پەرۋەردىگار ئېرىشتۈرەر ئۆزى تىكلىگەن پادشاھنى ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە.
ئۇ بېغىشلار ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىنى ئۆزى تاللىغان پادشاھقا —
تا ئەبەدكە داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا.

## 19ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي

1 ئەرش جاكارلار خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى،
ئاسمان نامايان قىلار ئۇنىڭ ئىجادىنى.
2 نۇتۇق سۆزلىمەكتە ئۇلار توختىماي كۈن-كۈنلەپ،
ئىلىم بەرمەكتە خۇدا ھەققىدە كېچە-كېچىلەپ.
3 ئۇلار سۆز ياكى تىل ئىشلەتمىسىمۇ،
ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلانمىسىمۇ،
4 كەتكەندۇر تىۋشى يېيىلىپ تامام يەر يۈزىگە،
يەتكەندۇر خەۋىرى جاھاننىڭ چەتلىرىگىچە.
تىككەندۇر خۇدا قۇياش ئۈچۈن بىر چېدىر ئاسماننىڭ ئۆزىدە،

5 چىقار قۇياش توي كۆندىكى ھۇجرىسىدىن چىققان يىگىتتەك،
شادلىنار ئۇ يۈگۈرۈشكە چىققان پالۋاندەك.
6 ئۆرلەر ئۇ ئاسماننىڭ بىر چېتىدىن،
يۈرەر چۆگىلەپ يەنە بىر چېتىگە،
قاچالماس ھېچ نەرسە ئۇنىڭ ھارارىتىدىن.

7 مۇكەممەلدۇر پەرۋەردىگارنىڭ تەلىملىرى،
يېڭىلار ئۇلار ئىنسان ۋۇجۇدىنى.
ئىشەنچلىكتۇر پەرۋەردىگارنىڭ پەرزلىرى،
دانا قىلار ئۇلار نادانىنى.
8 توغرىدۇر پەرۋەردىگارنىڭ يوليورۇقلىرى،
شادلاندۇرار ئۇلار قەلبنى.
روشەندۇر پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرى،
يورۇتار ئۇلار كۆزلەرنى.
9 پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىش پاكلىقتۇر،
ئۇ ئەيمىنىش مەڭگۈگە داۋاملىشار.
ھەقتۇر پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكۈملىرى،
مۇتلەق ئادىلدۇر ئۇلارنىڭ ھەر بىرى.
10 قىممەتتۇر ئۇلار ئالتۇندىن، ھەتتا نۇرغۇنلىغان ساپ ئالتۇندىن،
شېرىندۇر ھەسەلدىن، ھەتتا ھەرە ئۇگىسىدىن تامچىغان ھەسەلدىن.
11 بەرھەق، ئۇلار ئارقىلىق مەنكى بەندەڭ ئاگاھ ئالىدۇ،
بۇلاردا چىڭ تۇرۇش بىلەن كاتتا ئىنئام تاپىدۇ.

12 كىم بىلىپ يېتەلىسۇن ئۆزىنىڭ بارلىق خاتالىقلىرىنى،
بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىمدىن پاكلىغىن مېنى.
13 ساقلىغايسەن بەندەڭنى بىلىپ تۇرۇپ گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن.

ھۆكۈمرانلىق قىلمىغاي گۇناھ مېنىڭ ئۈستۈمدىن.
شۇندا مەن ئەيىبسىز بولۇرمەن،
ئېغىر گۇناھ قىلىشتىن ھەم ساقلانغايمەن.
14 ئى پەرۋەردىگار، مېنىڭ قىيا تېشىم ۋە خالاس قىلغۇچىم،
خۇش قىلغاي سېنى مېنىڭ سۆزلىرىم ۋە ئوي-خىياللىرىم.

## 20ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي

1 كۈلپەتتە قالغان كۈنىڭدە پەرۋەردىگار ساڭا ئىجابەت قىلغاي،
ياقۇپ ئېتىقاد قىلغان خۇدانىڭ نامى سېنى قوغدىغاي.
2 ئۇ مۇقەددەس ئىبادەتگاھدىن ساڭا ياردەم بەرگەي،
سىئوندىن سېنى يۆلىگەي.
3 بارلىق خۇداغا ئاتىغان ھەدىيىلىرىڭنى ئۇ ياد ئالغاي،
كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭنى ئۇ قوبۇل قىلغاي.

سېلاھ

4 ئۇ سېنى ئارزۇ-ئارمانلىرىڭغا يەتكۈزگەي،
بارلىق كۆڭلۈڭگە پۈككەنلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغاي.
5 تەبرىكلەيمىز توۋلاپ شادلىقتا بەرگەن نىجاتلىقىڭنى،
خۇدايىمنىڭ نامىدا تىكلەپ غەلىبە تۇغىمىزنى.
پەرۋەردىگار بەجا كەلتۈرگەي بارلىق ئىلتىجالىرىڭنى.

6 بىلدىمكى، پەرۋەردىگار ئۆزى تاللىغان پادىشاھنى قۇتقۇزىدۇ،
مۇقەددەس ئەرشىدىن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىدۇ،
قۇدرەتلىك ئوڭ قولى بىلەن زور غەلىبە ئاتا قىلىدۇ.

7 بەزىلەر ئىشىنەر جەڭ هارۋىلىرىغا، بەزىلەر ئاتلىرىغا،
بىراق بىز ئىشىنىمىز پەرۋەردىگار بولغان خۇدايىمىزنىڭ نامىغا.
8 غۇلاپ چۈشۈپ، يىقىلغاندۇر ئۇلار،
قەددىمىزنى رۇسلاپ، تىك تۇرىمىز بىزلەر.
9 ئى پەرۋەردىگار، پادىشاھقا ئاتا قىلغايسەن غەلىبە،
ئىلتىجا قىلغىنىمىزدا جاۋاب بەرگەيسەن بىزگە.

## 21ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، شادلىنار پادىشاھ قۇدرىتىڭدىن،
نەقەدەر خۇشالدۇر ئۇ، قازاندۇرغان غەلىبەڭدىن!
2 رويابقا چىقاردىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئىستەكلىرىنى،
سەن رەت قىلمىدىڭ سورىغان تىلەكلىرىنى.

سېلاھ

3 ئاتا قىلدىڭ مول بەرىكەتلەر ئۇنىڭغا،
كىيدۈردۈڭ ساپ ئالتۇن تاج بېشىغا.
4 سەندىن ئۇ ئۆمۈر تىلىگەندە بەردىڭ ئۇنى،
ئۇزارتقانسەن مەڭگۈگە ئۇنىڭ هاياتىنى.
5 قازاندۇرغان غەلىبەڭ بىلەن ئۇ تاپتى زور شۆھرەت،
ئاتا قىلغانسەن ئۇنىڭغا شان-شەرەپ ھەم ھەيۋەت.
6 ئۇنىڭغا مەڭگۈ بەرىكەت ئاتا قىلىسەن،
دىدارىڭنىڭ شاپائىتىدىن سۆيۈندۈرىسەن.
7 بەرھەق، پادىشاھ ئىشەنچ باغلاپ پەرۋەردىگارغا،
تەۋرەنمەس بۈيۈك خۇدانىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىدە.

8 قولۇڭ ئەسىرگە ئالار، ئى خۇدا، بارلىق دۈشمەنلىرىڭنى،
ئوڭ قولۇڭ تۇتار ساڭا ئۆچ بولغانلارنى.
9 لاۋۇلدىغان تونۇردا كۆيگەندەك قىلۇرسەن ئۇلارنى،
نامايان قىلغىنىڭدا قەھرىڭنى.
ئۇلارنى يۇتار پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى،
يالماپ كېتەر ئوت يالقۇنى.
10 يوقىتارسەن يەر يۈزىدىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى،
قۇرۇتارسەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن نەسلىنى.
11 ئۇرۇنسىمۇ ئۇلار يامانلىق قىلىشقا ساڭا،
ئويدۇرسىمۇ ھەم ھىيلە-نەيرەڭنى،
ئەمما ئاشۇرالماس ئەمەلگە پەقەتلا.
12 ياندۇرسەن ئۇلارنى كەينىگە،
بەتلىگەندە ئوقيايىڭنى يۈزلىرىگە.
13 كۆرسەتكەيسەن ئى پەرۋەردىگار، كۈچ-قۇدرىتىڭنى،
ناخشا ئېيتىپ مەدھىيىلەيمىز قۇدرەتلىك ئىشلىرىڭنى.

## 22ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «تاڭ سەھەردىكى چىشى جەرەن» دېگەن ئاھاڭدا ئېيتىلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى خۇدايىم، خۇدايىم، نېچۈن تاشلىۋەتتىڭ مېنى؟
نېچۈن يىراقلىشىسەن قۇتقۇزماي مېنى؟
نېچۈن ئاڭلىمايسەن نالە-پەريادىمنى؟
2 ئى خۇدايىم، قىلارمەن نالە كۈندۈزى، ئەمما ھېچ جاۋاب بەرمەيسەن.
كېچىدىمۇ قالمايمەن نالە قىلىشتىن، يەنىلا ئاراملىق تاپالمايمەن.

3 شۈبھىسىزكى، سەن مۇقەددەستۇرسەن،
ئىسرائىلنىڭ ھەمدۇسانالىرىنى تەخت قىلىپ ئولتۇرغۇچىدۇرسەن!
4 ساڭا باغلىغاندۇر ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىشەنچىنى،
باغلىغاندۇر ساڭا ئىشەنچىنى، قۇتقۇزدۇرغانسەن ئۇلارنى.
5 نالە قىلىپ ساڭا، ئۇلار قۇتقۇزۇلغاندۇر،
ساڭا ئىشەنچ قىلىپ خىجالەتچىلىكتە قالمىغاندۇر.
6 ئەمما مەن ئادەم ئەمەس گويا بىر قۇرتمەن،
ئىنسان ئارىسىدا خار قىلىنغاندۇرمەن،
خالايىق تەرىپىدىن كەمسىتىلگەندۇرمەن.
7 كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى مازاق قىلار مېنى،
دېيىشەركى پۇرۇشتۇرۇپ ئېغىزلىرىنى، چايقىشىپ باشلىرىنى:
8 «پەرۋەردىگارغا تاپشۇرغان ئەمەسمىدى ئۇ ئۆزىنى؟!
قۇتقۇزسۇن ئەمدى پەرۋەردىگار ئۇنى!
گەر پەرۋەردىگار ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولسىدى،
قېنى قۇتقۇزدۇرسۇن ئۇنى!»

9 ھالبۇكى، مېنى ئانامنىڭ قورسىقىدىن چىقارغۇچى سەن ئۆزۈڭدۇرسەن،
ئانامنىڭ باغرىدىكى چېغىمدىمۇ سەن مېنى ئۆزۈڭگە تاياندۇرغانسەن.
10 تۇغۇلغىنىمدىلا مەن ساڭا تاپشۇرۇلغانمەن،
ئانامنىڭ قورسىقىدىكى چېغىمدىلا سەن مېنىڭ خۇدايىمدۇرسەن.
11 مەندىن يىراقلاشمىغىن نېرى،
چۈنكى قىستاپ كەلدى رىيازەت مېنى،
يوقتۇر ماڭا بىرەر ياردەم قىلغۇچى.

12 نۇرغۇن بۇقىلار مېنى قورشىۋالدى،
باشاننىڭ كۈچلۈك بۇقىلىرى ئورىۋالدى. *
13 ئولجا تالىشىپ ھۆركىرىۋاتقان شىر كەبى،
خىرىس قىلىپ ئۇلار ماڭا يوغان ئاچتى ئاغزىنى.
14 مەندىن كەتتى قۇدرىتىم تۆكۈلگەندەك سۇ بەئەينى،
بوغۇملىرىمدىن ئاجراپ كەتتى سۆڭەكلىرىمنىڭ ھەممىسى،
بولۇپ قالدى يۈرىكىم ئىچىمدە ئېرىگەن شام كەبى.
15 قۇرىدى ماغدۇرۇم ئوخشاپ ساپال پارچىسىغا،
چاپلىشىپ قالدى تىلىم تاڭلىيىمغا،
قويۇۋەتتىڭ سەن مېنى ئۆلۈمنىڭ توپىسىغا.
16 قورشاۋغا ئالدى مېنى بىر توپ رەزىللەر،
ئورىۋالدى ئاشۇ ئىتلار،
تەشتى قول-پۇتلىرىمنى ئۇلار.
17 كۆرۈنۈپ قالماقتا سۆڭەكلىرىمنىڭ ھەممىسى مانا،
ھومىيىپ تۇرماقتا ئۇ رەزىللەر ماڭا.
18 بۆلۈشمەكتە كىيىملىرىمنى ئۆز ئارا،
كۆڭلىكىم ئۈچۈن چەك تاشلاشماقتا.
19 لېكىن سەن، ئى پەرۋەردىگار، مەندىن يىراقلاشما!
ئى كۈچ-قۇدرىتىم بولغۇچىم، ئالدىرىغىن ياردەم بېرىشكە ماڭا.
20 قۇتقۇزغىن مېنى قىلىچتىن،
ئەزىز جېنىمنى ئىتلارنىڭ چاڭگىلىدىن.
21 خالاس قىلغىن مېنى شىرنىڭ ئاغزىدىن،
ئاجىز تېنىمنى ياۋا بۇقىلارنىڭ مۈڭگۈزلىرىدىن.

* بۇ يەردە مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى كۆرسەتمەكچى. «باشان» ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يەر بولۇپ، ئۇ يەر ئەينى چاغدا يوغان ۋە كۈچلۈك بۇقىلىرى بىلەن داڭ چىقارغان.

22 جاكارلايمەن نامىڭنى قېرىنداشلىرىمغا،
مەدھىيىلەيمەن سېنى جامائەتچىلىك ئارىسىدا.

23 ئەي پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنگۈچىلەر، ئۇنى مەدھىيىلەڭلار!
ئەي ياقۇپنىڭ بارلىق ئەۋلادلىرى، پەرۋەردىگارغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈڭلار!
ئەي ئىسرائىلنىڭ پۈتكۈل ئەۋلادلىرى، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىڭلار!
24 چۈنكى خورلانغىنىغا ئېزىلگۈچىنىڭ ئۇ سەل قارىمىدى،
يىرگەنمىدى، ئۇنىڭدىن ھەم يوشۇرمىدى يۈزىنى،
بەلكى ئاڭلىدى ئۇنىڭ نىدا قىلغىنىنى.
25 ئوقۇغان مەدھىيىلىرىمنىڭ ئىلھامى ئۆزۈڭسەن بۈيۈك جامائەت ئارىسىدا،
ئادا قىلاي قەسەملىرىمنى خۇدادىن ئەيمەنگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا.
26 نىمەتلەردىن قانائەتلىنەر ئېزىلگەنلەر،
پەرۋەردىگارنى مەدھىيىلەر، ئۇنىڭغا تەلپۈنگۈچىلەر،
مەڭگۈ ياشنىغاي سىلەرنىڭ قەلبىڭلار.
27 يۈزلىنەر پەرۋەردىگارغا، ياد ئېتىپ ئۇنى پۈتكۈل دۇنيا خەلقلىرى،
سەجدە قىلۇر ئى پەرۋەردىگار، ئالدىڭدا بارلىق ئەللەرنىڭ قەبىلىلىرى.
28 بەرھەق، ئالەمنىڭ پادىشاھلىقى پەرۋەردىگارغا تەۋەدۇر،
ئۇ بارلىق ئەل-مىللەتنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت يۈرگۈزگۈچىدۇر.
29 سەجدە قىلۇر پەرۋەردىگارغا دۇنيادىكى يەپ ئىچىۋالغان بايلار،
تىز پۈكۈر ئۇنىڭ ئالدىدا گۆر ئاغزىغا بېرىپ قالغانلار،
ئۆز جېنىنى ھەم ساقلىيالمايدىغانلار.
30 بولۇر بىر ئۇرۇق ئۇنىڭ خىزمىتىدە،
خەۋەر تاپار كەلگۈسىدىكى نەسىل ئىگەم ھەققىدە.
31 جاكارلىنار دۇنياغا كېلىدىغان بىر ئەۋلادقا ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى،
بايان قىلىنار ئۇنىڭ ھەققانىيلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى.

## 23_كۈي

داۋۇت يازغان كۈي

1 مېنى باققۇچى پادىچىمدۇر پەرۋەردىگار خۇدا،
شۇڭا قالماسمەن ھېچ موھتاجلىقتا.
2 ياتقۇزار ئۇ مېنى ياپ-يېشىل يايلاقلارغا،
باشلار ھەم شىلدىرلىغان سۇلار بويىغا.
3 ئۇ ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت بېرىپ، ئۇرغۇتار ۋۇجۇدۇمنى،
ئۆز نامىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يېتەكلەر ھەققانىيەت يولىدا مېنى.
4 ئۆتسەممۇ ئۆلۈم كۆلەڭگىسى چۈشۈپ تۇرغان جىلغىدىن،
ئۆزۈڭ بولغاچ مەن بىلەن قورقماسمەن ھېچ يامانلىقتىن.
ھىمايە قىلار پادىچى تايىقىڭ ۋە ھاساڭ مېنى،
ساقلار ئۇلار تىنچ-خاتىرجەملىكتە كۆڭلۈمنى.

5 مەن ئۈچۈن داستىخان راسلارسەن دۈشمەنلىرىمنىڭ كۆز ئالدىدا،
ئەزىزلەپ مېنى ياغ سۈركەرسەن بېشىمغا، *
ھايات قەدىھىم تولۇپ تاشار ھىممىتىڭ بولغاچقا. **
6 بەرھەق، شاپائەت ۋە ئۆزگەرمەس مۇھەببەت،
قوغلىشىپ مېنى ھەمراھ بولار ماڭا ئۆمۈرۋايەت،
پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىدا ياشايمەن ئەبەدىلئەبەد.

---

* بېشىغا ياغ سۈركەش ــ ئەينى ۋاقىتتا ساھىبخان ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋالغاندا ئۇنىڭ بېشىغا خۇش پۇراقلىق ياغ سۈركەش بىلەن چوڭقۇر ھۆرمىتىنى بىلدۈرەتتى.
** بۇ خىل ئوخشىتىش ئارقىلىق داۋۇت پەيغەمبەر ئۆز ھاياتىدا خۇدانىڭ ھىممىتى بىلەن ئېرىشكەن مول بەختىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان.

## 24-كۈي

داۋۇت يازغان كۈي

1 پەرۋەردىگارنىڭدۇر دۇنيا، ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇدات،
يەر يۈزى ھەم ئۇنىڭدا ياشىغۇچى ھەممە مەخلۇقات.
2 چۈنكى دېڭىزلار ئۈستىگە ئۇ قۇرغاندۇر جاھاننى،
چوڭقۇر سۇلار ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغاندۇر ئۇنى.

3 پەرۋەردىگارنىڭ تېغىغا كىممۇ چىقالار؟
ئۇنىڭ مۇقەددەس جايىدا كىممۇ تۇرالار؟
4 تۇرالار قولى پاك، قەلبى ساپ بولغان،
ساختىغا كۆڭۈل بەرمىگەن،
يالغاندىن قەسەم ئىچمىگەن ئىنسان.
5 پەرۋەردىگاردىن ئۇ بەخت تاپار،
نىجاتكارى خۇدا تەرىپىدىن ئۇ ئاقلىنار.
6 مۇشۇنداق ئادەملەر تەلپۈنگۈچىلەردۇر خۇداغا،
ئى ياقۇپ ئېتىقاد قىلغان خۇدا، تەلپۈنگۈچىلەردۇر ئۇلار چېھرىڭگە.
سېلاھ

7 ئېچىلىڭلار ئەي دەرۋازىلار!
ئېچىلىڭلار ئەي ئەبەدىي قوۋۇقلار!
شۇندا كىرىپ كەلسۇن شانۇشەۋكەتلىك پادىشاھ!
8 بۇ شانۇشەۋكەتلىك پادىشاھ كىمدۇر؟
ئۇ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك پەرۋەردىگاردۇر،
ئۇ جەڭ مەيدانىدىكى قادىر پەرۋەردىگاردۇر.
9 ئېچىلىڭلار ئەي دەرۋازىلار!
ئېچىلىڭلار ئەي ئەبەدىي قوۋۇقلار!

شۇندا كىرىپ كەلسۇن شانۇشەۋكەتلىك پادىشاھ!
10 بۇ شانۇشەۋكەتلىك پادىشاھ كىمدۇر؟
ئۇ قۇدرەت ئىگىسى پەرۋەردىگاردۇر،
ئۇ دەل شانۇشەۋكەتلىك پادىشاھتۇر.
سېلاھ

## 25-كۈي

داۋۇت يازغان كۈي

1 سېغىنىپ دۇئا قىلىمەن ساڭا، ئى پەرۋەردىگار،
2 تايىنىپ كەلدىم ساڭا، ئى خۇدايىم!
ساقلىغىن مېنى شەرمەندىلىكتىن،
غەلىبە قىلغۇزمىغىن دۈشمەنلىرىمنى ئۈستۈمدىن.
3 بولماس شەرمەندە ساڭا ئۈمىد باغلىغانلار،
قالار شەرمەندىلىكتە سەۋەبسىز خائىنلىق قىلغۇچىلار.

4 ئى پەرۋەردىگار، كۆرسەتكىن ماڭا يولۇڭنى،
ئۆگەتكىن ماڭا ئۇنىڭدا مېڭىشنى.
5 ھەقىقىتىڭ يولىدا يېتەكلەپ ئۆگەتكىن مېنى،
ئۆزۈڭدۇرسەن نىجاتكارىم خۇدا چۈنكى.
ئۈمىدىمنى ساڭا باغلىغانمەن كۈن بويى.
6 ئى پەرۋەردىگار، يادىڭغا ئالغايسەن،
رەھىمىڭنى، ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭنى ئەزەلدىن كۆرسەتكەن.
7 ئېسىڭگە سالمىغايسەن ياشلىقتىكى گۇناھلىرىمنى،
شۇنداقلا ئىتائەتسىزلىكلىرىمنى.
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭدە ياد ئەتكەيسەن مېنى،
ئى پەرۋەردىگار، قىلىپ مېھرىبانلىقىڭ ھەققىنى.

8 شاپائەتلىك، ئادىلدۇر پەرۋەردىگار،
شۇڭا توغرا يولنى ئۇ گۇناھكارلارغا ئۆگىتەر.
9 كەمتەرلەرنى دۇرۇس يولغا ئۇ يېتەكلەر،
ئۆز يولىنى كىچىك-پېئىللارغا ئۆگىتەر.
10 مېھىر-مۇھەببىتى ۋە ساداقىتى بىلەن باشلار،
ئەھدىگە ھەم ئەمرلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلارنى پەرۋەردىگار.
11 ئى پەرۋەردىگار، قىلىپ ئۆز نامىڭنىڭ ھۆرمىتىنى،
گۇناھلىرىم كۆپتۇر، كەچۈرۈۋەم قىلغىن مېنى،

12 ئەيمەنسە ئەگەر پەرۋەردىگاردىن كىمكى،
ئۆگىتەر ئاڭا پەرۋەردىگار دۇرۇس يولنى تاللاشنى.
13 بەخت-سائادەت ئىچىدە ياشار ئۇ كىشى،
زېمىنغا* ۋارىسلىق قىلار ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى.
14 پەرۋەردىگار ئۆزىدىن ئەيمەنگەنلەرگە ئايان قىلار سىرىنى،
ئۇلارغا ئېنىق تونۇتار ئۆز ئەھدىنى.
15 تىكەرمەن دائىما پەرۋەردىگارغا كۆزلىرىمنى،
تۇزاقتىن ئۇ تارتىپ ئالار پۇتلىرىمنى.

16 ھالىمغا باققىن، ئى ئىگەم، كۆرسەتكىن ھىممىتىڭنى،
يالغۇزدۇرمەن، چەكمەكتىمەن ئازاب-ئوقۇبەتنى.
17 دەرد-ئەلەملەر ئارتماقتا يۈرىكىمدىكى،
قۇتقۇزغىن سەن شۇ كۈلپەتلەردىن مېنى.
18 ئازابىمغا، دەردلىرىمگە نەزەر سالغىن،
بارلىق گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن.

* زېمىن ــ خۇدا ئىسرائىللارغا ۋەدە قىلغان زېمىن.

19 كۆپتۇر نەقەدەر دۈشمەنلىرىم، قارا،
ۋەھشىيلەرچە ئۆچ بولماقتا ماڭا.
20 ھاياتىمنى قوغدىغىن، مېنى قۇتقۇزغىن،
شەرمەندىلىكتە قالدۇرمىغىن،
چۈنكى تاپارمەن پاناھ پەقەت سەندىن.
21 قوغدىغاي دىيانەتلىك، دۇرۇسلۇق مېنى،
سەندىن كۈتەرمەن ئۈمىد چۈنكى.

22 ئى خۇدا، بارلىق كۈلپەتلىرىدىن قۇتقۇزغىن ئىسرائىلنى.

## 26ـكۈي

داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، مېنى ئاقلىغىن،
چۈنكى دىيانىتىم بىلەن يۈرگەنمەن،
تەۋرەنمەي ساڭا تايىنىپ كەلگەنمەن.
2 كۈزەتكىن، ئى پەرۋەردىگار، سىنىغىن مېنى،
پاكلىغىن نىيىتىمنى ھەم قەلبىمنى.
3 چۈنكى ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ كۆز ئالدىمدا،
مېڭىپ كەلگەنمەن ھەقىقەت يولۇڭدا.

4 شېرىك بولمايمەن يالغانچىلارغا،
ئارىلاشمايمەن ساختىپەزلەرگە،
5 يىرگىنىمەن پاسىقلار توپىدىن،
ئولتۇرمايمەن رەزىللەر بىلەن بىرگە.

6 ئى پەرۋەردىگار، پاك قەلب بىلەن يۈيارمەن قوللىرىمنى،
ئايلىنىپ چىقارمەن قۇربانلىق سۇپاڭنى.
7 شۇندا ئوقۇرمەن ساڭا شۈكۈرلەرنى،
بايان ئەيلەرمەن بارلىق كارامەتلىرىڭنى.
8 ئى پەرۋەردىگار، سۆيىمەن ھۇزۇرۇڭ تۇرغان ئاشۇ ئۆينى،
شانۇشەۋكىتىڭ نامايان قىلىنغان جاينى.

9 گۇناھكارلار قاتارى ئالمىغىن جېنىمنى،
قانخورلار قاتارى ھاياتىمنى.
10 تولغاندۇر سۇيىقەستتە ئۇلارنىڭ قوللىرى،
پارا بىلەن ئوق قوللىرى.

11 مەن بولسام يۈرەرمەن دىيانىتىم بىلەن،
قۇتقۇزغىن، ماڭا ئىلتىپات قىلغىن.
12 پۇتلىرىم تۇرار تۈز يەردە،
تەرىپلەيمەن پەرۋەردىگارنى ئېتىقادچىلار جامائىتىدە.

## 27ـ كۈي

داۋۇت يازغان كۈي

1 پەرۋەردىگار — نۇرۇم ۋە نىجاتلىقىمدۇر،
مەن يەنە كىمدىنمۇ قورقاي؟
پەرۋەردىگار ھاياتىمنىڭ قورغىنىدۇر،
مەن يەنە كىمنىڭمۇ ئالدىدا تىترەپ تۇراي؟
2 ياۋۇزلار گۆشۈمنى يېيىش ئۈچۈن ماڭا قىلغىنىدا ھۇجۇم،
پۇتلىشىپ، يىقىلىپ چۈشتى ئۇ رەقىبلىرىم، دۈشمەنلىرىم.

3 لەشكەرلەر مېنى ئالسمۇ قورشاۋغا،
قورقۇنچ پەيدا بولماس قەلبىمدە ئەسلا.
ئاتلانسا ئۇلار ماڭا قارشى جەڭگە ھەتتا،
تەۋرەنمەس مېنىڭ ئىشەنچىم يەنىلا.

4 پەرۋەردىگاردىن سوراپ كەلگەنمەن بىر ئىشنى،
يەنى ئىستىگىنىم شۇكى:
ياشاپ ئۆمرۈم بويى پەرۋەردىگار ئۆيىدە،
قاراپ تۇراي پەرۋەردىگار كۆركىگە،
تەپەككۇر قىلاي ئۇ يەردە ئىگەم ھەققىدە.
5 ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە بېشىمغا،
ئالار ئۇ مېنى ئۆز سايىۋىنى ئاستىغا.
يوشۇرار مېنى ئۆز مۇقەددەس چېدىرىدا،
چىقىرىپ قويار ئۇ مېنى پاناھلىنىدىغان ئېگىز جايغا.
6 ئەمدى قەددىم كۆتۈرۈلەر ئەتراپىمدىكى رەقىبلىرىم ئالدىدا،
پەرۋەردىگارنى كۈيلەپ ئەيلەرمەن نەغمە-ناۋا.
قىلارمەن قۇربانلىق پەرۋەردىگار چېدىرىدا،
ئالقىش ياڭرىتىپ شادلىقتا.

7 ئاڭلىغايسەن ئاۋازىمنى، ئى پەرۋەردىگار، قىلغىنىمدا نىدا،
كۆرسەتكەيسەن ئىلتىپات، قىلىپ ئىجابەت ماڭا.
8 «ماڭا تەلپۈنگىن» دېگىنىڭدە، دېدى قەلبىم جاۋابەن:
«ئى پەرۋەردىگار، تەلپۈنىمەن ساڭا مەن.»
9 مەندىن قاچۇرمىغىن دىدارىڭنى،
چەتكە قايرىپ قويمىغىن غەزىپىڭدە بۇ قۇلۇڭنى.
بولۇپ كەلدىڭ سەن دائىم مېنىڭ مەدەتكارىم،

تەرك ئەتمە، تاشلىما مېنى، ئى خۇدا نىجاتكارىم.
10 ۋاز كەچسىمۇ گەر مەندىن ئاتا-ئانام،
ئالار مېنى ئۆز قۇچىقىغا پەرۋەردىگارىم.

11 ئى پەرۋەردىگار، ئۆگەتكىن يولۇڭنى پېقىرغا،
يېتەكلىگىن مېنى تۈز يولدا مېڭىشقا،
چۈنكى دۈشمەنلىرىم يامان نىيەتتە بولماقتا ماڭا.
12 رەقىبلىرىمنىڭ ئۆز مەيلىگە قالدۇرما مېنى،
باشلىدى بۇ ساختا گۇۋاھچىلار ماڭا قارشى ھۇجۇمنى،
چىقىپ تۇرار ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن زوراۋانلىقى.

13 يوقتار ئىدىم ئۆزۈمنى گەر ئىشەنچىم بولمىسا،
كۆرۈشكە پەرۋەردىگار مېھرىبانلىقىنى بۇ دۇنيادا.
14 پەرۋەردىگارنى تەلمۈرۈپ كۈتكىن،
دادىل بول، يۈرىكىڭگە دەرمان بەرگىن،
شۇنداق، پەرۋەردىگارنى تەلمۈرۈپ كۈتكىن.

## 28-كۈي

داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، ئىلتىجا قىلىمەن ساڭا،
ئى قىيا تېشىم، قۇلاق سالماي قويمىغايسەن ماڭا.
ئەگەر جىمجىت تۇرۇۋېلىپ، بەرمىسەڭ جاۋاب،
قالارمەن گۆرگە چۈشكەنلەرگە ئوخشاپ.
2 بايان ئەيلىگىنىمدە ساڭا پەريادىمنى،
كۆتۈرۈپ مۇقەددەس جايىڭ تەرەپكە قوللىرىمنى،
تىڭشىغايسەن يالۋۇرغان ئاۋازىمنى.

3 چۈشۈرۈپ قويمىغىن مېنى ئەسلا،
يامانلىق قىلغۇچىلار، رەزىللەر قاتارىغا.
دوستانە سۆزلىسىمۇ ئۇلار قوشنىلىرىغا،
يامانلىق سانار ئۆز ئويلىرىدا.
4 جازالىغايسەن ئۇلارنى، قىلمىشلىرىغا قاراپ،
قىلغان يامانلىقلىرىنى ھېسابلاپ،
قايتۇرۇپ بەرگەيسەن ئەمەللىرىگە لايىق،
قوللىرىنىڭ قىلغانلىرىنى ساناپ.
5 پەرۋەردىگار ۋەيران قىلار رەزىللەرنى،
قايتا ئەسلىگە كەلتۈرمەس ئۇلارنى.
چۈنكى كۆزگە ئىلماس ئۇلار ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى،
ئىناۋەتكە ئالماس قوللىرىنىڭ ئىجادىنى.

6 پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا!
قۇلاق سالغاچ ئۇ يالۋۇرغان ئاۋازىمغا.
7 پەرۋەردىگاردۇر قۇدرىتىم ۋە قالقىنىم،
ئىشەنچ باغلاپ ئۇنىڭغا، ياردەمگە ئېرىشتىم.
شادلىنار مېنىڭ كۆڭلۈم شۇڭا،
شۈكۈر ئېيتارمەن ناخشام بىلەن ئۇنىڭغا.

8 كۈچ-قۇدرىتىدۇر پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنىڭ،
نىجاتلىق قورغىنىدۇر ئۆزى تاللىغان پادىشاھنىڭ.
9 ئى پەرۋەردىگار، قۇتقۇزغايسەن ئۆز خەلقىڭنى،
بەرىكەتلىك قىلغايسەن ئۆزۈڭگە تەۋە بولغانلارنى،
پادىچى بولۇپ باققايسەن مەڭگۈ ئۇلارنى.

## 29-كۈي

داۋۇت يازغان كۈي

1 ئەي ئەرشتە تۇرغۇچىلار، تەرىپلەڭلار پەرۋەردىگارنى،
تەرىپلەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى!
2 تەرىپلەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ شۆھرىتىنى، مۇناسىپ ئۇنىڭ نامىغا،
مۇقەددەسلىكىنىڭ ھەيۋەتلىكى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىڭلار ئۇنىڭغا!

3 پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى سۇلار ئۈستىدە ئاڭلىنار،
شانۇشەۋكەتلىك خۇدا گۈلدۈرماما ياغدۇرار.
پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى ئۇلۇغ سۇلار ئۈستىدە گۈلدۈرلەر.
4 پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى قۇدرەتلىكتۇر،
پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى ھەيۋەتلىكتۇر.
5 پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى سۇندۇرىۋېتەر كېدىر دەرەخلىرىنى،
شۇنداق، پەرۋەردىگار پارە-پارە قىلىۋېتەر لىۋان* كېدىرلىرىنى.
6 ئۇ موزايدەك سەكرىتەر لىۋان تاغلىرىنى،
ياۋا بۇقىدەك تاقلىتىۋېتەر سىرىئوننى.*
7 پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى چاقتۇرار چاقماقلارنى.
8 پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى تىترىتەر چۆل-جەزىرىنى،
پەرۋەردىگار زىلزىلىگە سالار كادېش چۆللۈكىنى،
9 پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى ھەريان تولغىتار دۇب دەرەخلىرىنى،*

* لىۋان ــ چوڭ، كۈچلۈك ئۆسكەن كېدىر دەرەخلىرى بىلەن تونۇلغان، پەلەستىننىڭ شىمالىغا جايلاشقان تاغ تىزمىسىدۇر.
* سىرىئون ــ لىۋاننىڭ ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى بولۇپ، ئۇ يەنە خېرمون تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
*9. يەنە «پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازىدىن ماراللارنىڭ قورسىقىدىكى ئوغلاقلىرى چۈشۈپ كېتەر» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى يالغاچلار ئورمانلارنى.
«خۇدا ئاجايىپ ئۇلۇغدۇر!» دەپ توۋلىشار،
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ھەممىسى.

10 پەرۋەردىگار تەختتە ئولتۇرغاندۇر توپان سۈيى ئۈستىدە،
بەرھەق، پەرۋەردىگار پادىشاھتۇر، تەختتە ئولتۇرار مەڭگۈگە.
11 پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە كۈچ-قۇدرەت بېرەر،
ئۆز خەلقىنى تىنچ-ئامانلىق بىلەن بەرىكەتلەر.

## 30ـكۈي

مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى خۇداغا ئاتاش مۇراسىم كۈنىدە داۋۇت يازغان كۈي

1 ئۇلۇغلايمەن ئى پەرۋەردىگار سېنى،
ئۆلۈم گىردابىدىن تارتىۋالدىڭ مېنى،
قويمىدىڭ ئۈستۈمدىن كۈلۈشكە دۈشمەنلىرىمنى.
2 ئى پەرۋەردىگار، ئى خۇدايىم، نالە قىلدىم ساڭا،
شىپالىق بەردىڭ ماڭا.
3 ئى پەرۋەردىگار، ئۆلۈكلەر دىيارىدىن نېرى قىلدىڭ جېنىمنى،
گۆرگە چۈشۈشتىن ساقلاپ قالدىڭ مېنى.

4 كۈيلەڭلار خۇدانى، ئەي پەرۋەردىگارنىڭ تەقۋادارلىرى،
شۈكۈر قىلىڭلار ياد ئېتىپ ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكىنى.
5 غەزەپلەنگىنىدە ئۆتۈپ كېتەر غەزىپى دەقىقىدە،
ئەمما ھەمراھ بولۇر شاپائىتى ئۆمۈرۋايەتكە.
يىغا-زارە داۋاملاشسىمۇ كېچىچە،
يېتىپ كېلۇر شاد-خۇراملىق تاڭ سەھەردە.

6 ھەممە ئىشىم جايىدا چاغدا دېدىمكى مەغرۇرلارچە،
«ھەرگىز تەۋرەنمەيمەن.»
7 ئى پەرۋەردىگار، شاپائىتىڭنى كۆرسەتكىنىڭدە،
مېنى تاغدەك قەد كۆتۈرگۈزگەنىدىڭ.
ئەمما دىدارىڭنى قاچۇرغىنىڭدا،
قالدىم ئالاقزادىلىكتە.
8 ئى پەرۋەردىگار، ئىلتىجا قىلدىم مەن ساڭا،
رەھىم تىلەپ دېدىمكى پەرۋەردىگارغا:
9 تۈگىسە ئۆمرۈم، چۈشسەم گۆرگە،
ساڭا نېمە پايدا؟
جەسەتىم مەدھىيىلەرمۇ سېنى؟
جاكارلارمۇ ھەم ۋاپادارلىقىڭنى؟
10 ئى پەرۋەردىگار، تىڭشىغىن، شەپقىتىڭنى كۆرسەتكىن،
ئى پەرۋەردىگار، مەدەتكارىم بولغىن.

11 ئۇسۇل ئويناشقا ئايلاندۇردۇڭ ماتىمىمنى،
سالدۇرۇۋەتتىڭ ئۇستۈمدىن ھازا كىيىمىمنى،
باغلىدىڭ شادلىق بىلەن بېلىمنى.
12 شۇڭا كۈيلىسۇن سېنى ۋۇجۇدۇم، سۈكۈت قىلماي!
ئى پەرۋەردىگار، ئى خۇدايىم، تائەبەدكە ساڭا شۈكۈر ئېيتاي!

## 31ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، سەندىن پاناھ تاپارمەن،
ھەرگىز مېنى شەرمەندىلىكتە قالدۇرمىغايسەن،

ھەققانىيلىقىڭدا مېنى قۇتقۇزغايسەن.
2 ماڭا قۇلاق سېلىپ، مېنى تېزرەك قۇتقۇزغايسەن،
مەن پاناھلىنىدىغان قىيا تاش بولغايسەن،
قۇتقۇزۇلۇشۇم ئۈچۈن قورغان بولغايسەن.
3 بەرھەق، سەن مېنىڭ قىيا تېشىم ۋە قورغىنىمدۇرسەن،
ئۆز نامىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مېنى يېتەكلىگەيسەن.
4 ياۋلار قويغان يوشۇرۇن توردىن قەدەملىرىمنى تارتقايسەن،
چۈنكى سەن مېنىڭ پاناھىمدۇرسەن.
5 ئى پەرۋەردىگار ــــ ساداقەتلىك خۇدا،
تاپشۇردۇم روھىمنى قولۇڭغا،
ئۆزۈڭدۇرسەن بەدەل تۆلىگۈچى مېنى قۇتقۇزۇشقا.

6 ئەرزىمەس بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلاردىن يىرگىنىمەن،
ئىشەنچىمنى پەرۋەردىگارغا باغلىغانمەن.
7 ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭدىن خۇشال بولۇپ شادلىنىمەن،
چۈنكى جاپا-مۇشەققەتلىرىمنى كۆردۈڭسەن،
جېنىمنىڭ ئازابىنى بىلىپ يەتتىڭسەن.
8 مېنى تاشلاپ بەرمىدىڭ دۈشمەنىنىڭ قولىغا،
ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇڭ بىخەتەر جايغا.

9 ئى پەرۋەردىگار، قىلغايسەن ماڭا رەھىم،
چۈنكى مەن كۈلپەتتە قالدىم.
خىرەلىشىپ كەتتى دەرد-ئەلەمدىن كۆزلىرىم،
ھەم ئاجىزلاپ كەتتى تېنىم ۋە جېنىم.
10 ھەسرەت-نادامەتتە ئۆپرىماقتا ھاياتىم،
غەم-قايغۇ بىلەن تۈگىمەكتە يىللىرىم.

گۇناھىم تۈپەيلى كەتمەكتە ماغدۇرۇم،
قۇرۇماقتا ھەم يىلىكلىرىم.
11 قالدىم دۈشمەنلىرىمنىڭ ھاقارىتىگە،
ھەتتا قوشنىلىرىمنىڭ ئىزا-ئاھانىتىگە.
بولدۇم مەن تونۇشلىرىمغىمۇ بىر ۋەھىمە،
قاچىدۇ ئۇلار مېنى كوچىدا كۆرگەندە.
12 خۇددى ئۆلگەن ئادەمدەك ئۇنتۇلغانمەن،
سۇنغان ساپال قاچا كەبى تاشلانغانمەن.
13 ئاڭلىدىم نۇرغۇنلارنىڭ ماڭا قىلغان تۆھمەتلىرىنى،
ۋەھىمە ئوراپ تۇرار ئەتراپىمنى.
مەسلىھەتلىشىۋاتىدۇ ئۇلار ماڭا قارشى چىقىشنى،
قىلىشىۋاتىدۇ جېنىمنى ئېلىشنىڭ قەستىنى.

14 بىراق مەن بولسام، ئى پەرۋەردىگار ساڭا تايىنىمەن،
مېنىڭ خۇدايىم سەن ـــ دەيمەن.
15 مېنىڭ ھاياتىم قولۇڭدىدۇر سېنىڭ،
چاڭگىلىدىن قۇتقۇزغىن مېنى دۈشمەنلىرىمنىڭ،
ماڭا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنىڭ.
16 بەندەڭگە دىدارىڭنىڭ جىلۋىسىنى چۈشۈرگەيسەن،
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ بولغاچ مېنى قۇتقۇزغايسەن.
17 ئى پەرۋەردىگار، مېنى شەرمەندىلىكتە قويمىغايسەن،
چۈنكى ساڭا ئىلتىجا قىلغانمەن.
رەزىللەر شەرمەندە بولغاي،
ئۇلارنىڭ زۇۋانى ئۆلۈكلەر دىيارىدا تۇتۇلغاي.
18 چاپلىشىپ قالغاي يالغانچى لەۋلىرى ئۇلارنىڭ،
ھەققانىيلارغا كىبىر كۆرسىتىپ، مازاق قىلغۇچىلارنىڭ.

19 ئى پەرۋەردىگار، ئۆزۈڭدىن ئەيمىنىدىغانلارغا،
نەقەدەر مولدۇر تەييار قىلغان ئىلتىپاتلىرىڭ مانا.
ئۇلارنى ئاتا قىلىسەن سېنى باشپاناھ قىلغانلارغا،
جاھان-ئەھلى، خەلقئالەم ئالدىدا.
20 يوشۇرۇپ ئۇ باشپاناھ قىلغانلارنى ھۇزۇرۇڭدا،
قوغدايسەن ئىنسانلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن.
ئېلىپ ئۇلارنى پاناھىڭغا،
ساقلايسەن تىللارنىڭ چېقىشلىرىدىن.
21 ھەمدۇسانالار بولسۇن پەرۋەردىگارغا،
چۈنكى كۆرسەتتى ئۇ ماڭا،
ئۆزىنىڭ كارامەت مېھىر-مۇھەببىتىنى،
شەھەر قورشاۋدا قالغاندا.
22 دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ دېگەنىدىم:
«نەزىرىڭدىن مەھرۇم بولدۇم.»
ھالبۇكى ساڭا نالە قىلىپ يىغلىغىنىمدا،
قۇلاق سالدىڭ پەريادىمغا.

23 ئەي پەرۋەردىگارنىڭ تەقۋادارلىرى، سۆيۈڭلار ئۇنى،
پەرۋەردىگار قوغدار ئۆزىگە سادىقلارنى،
ئەمما قاتتىق جازالار مەنمەنلىك بىلەن ئىش قىلغۇچىلارنى.
24 ئەي ئۈمىدىنى پەرۋەردىگارغا قويغانلار،
غەيرەتلىك بولۇڭلار، جاسارەتكە تولسۇن قەلبىڭلار.

## 32ـكۈي

داۋۇت يازغان ماسقىل* كۈي

1 بەختلىكتۇر، ئىتائەتسىزلىكى كەچۈرۈم قىلىنغان،
گۇناھلىرىنىڭ ھېسابىتى يېپىلغان كىشى.
2 بەختلىكتۇر، ئەمدى پەرۋەردىگار ئەسكىلىكىنى سانىمايدىغان،
كۆڭلىدە ھىيلە-مىكىر بولمىغان كىشى.

3 جىم تۇرۇۋالغىنىمدا بويىنۇمغا ئالماي گۇناھلىرىمنى،
چۈرۈكلىشىپ كەتتى ئۇستىخانلىرىم، ئۇھ تارتىپ كۈن بويى.
4 چۈنكى كېچە-كۈندۈز ئى پەرۋەردىگار، قولۇڭ مېنى ئېغىر باستى،
يىلىكلىرىم تومۇزدىكى ئىسسىقتا قۇرۇپ كەتكەندەك قۇرۇپ كەتتى.
سېلاھ
5 ئەمدى ئالدىڭدا گۇناھىمنى ئېتىراپ قىلدىم،
ئەسكىلىكىمنى يوشۇرمىدىم.
مەن: «پەرۋەردىگار، ئالدىڭدا ئىتائەتسىزلىكىمنى ئىقرار قىلىمەن» دېدىم،
سەن گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈپ، ۋىجدان ئازابىنى مەندىن ئېلىپ تاشلىدىڭ.
سېلاھ

6 شۇڭا دۇئا قىلسۇن ساڭا،
ھەر بىر تەقۋادار پۇرسەت باردا.
ئۇلۇغ سۇلار كەلكۈن بولۇپ تاشقاندا،
شۈبھىسىزكى ئۇ سۇلار يېتىپ بارالماس ئۇنىڭغا.

* ماسقىل ــ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان شۇنداقلا دانالىق ئۆگىتىدىغان ناخشا.

7 سەن مېنىڭ پاناھگاھىمدۇرسەن،
مېنى كۈلپەتتىن ساقلايسەن،
نىجاتلىقنىڭ شادلىق ناخشىلىرى بىلەن ئورىۋالىسەن.

سېلاھ

8 (خۇدا دەيدۇكى:)
ساڭا ئەقىل-ئىدراك بېرىپ، ماڭار يولۇڭنى كۆرسىتىمەن،
كۆز-قۇلاق بولۇپ ساڭا، نەسىھەت بېرىمەن.
9 ئات ياكى خېچىردەك ئاڭسىز بولما،
بويسۇنماس ئۇلار ساڭا، قامچا ۋە يۈگەن بولمىسا.

10 دەرد-ئەلەملەر چۇشەر يامانلارنىڭ بېشىغا،
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى قۇچاق ئاچار ئۇنىڭغا تايانغانلارغا.
11 پەرۋەردىگاردىن خۇرسەن بولۇپ شادلىنىڭلار، ئەي ھەققانىيلار،
شادلىقتىن ئالقىش ياڭرىتىڭلار، ئەي قەلبى پاك بولغان ھەممىڭلار.

## 33-كۈي

1 ئەي ھەققانىيلار، كۈيلەڭلار پەرۋەردىگارنى شادلىقتا،
يارىشار ئۇنى مەدھىيىلەش دۇرۇس يولدا ماڭغانلارغا.
2 مىننەتدارلىق بىلدۈرۈڭلار لىرا چېلىپ پەرۋەردىگارغا،
ئون تارلىق چىلتار بىلەن كۈي ئېيتىڭلار ئاتاپ ئۇنىڭغا.
3 بېغىشلاپ ئېيتىڭلار يېڭى ناخشا ئۇنىڭغا،
ياڭرىتىڭلار ئاۋازىڭلارنى شادلىقتا،
چېكىپ تارنى يەتكۈزۈپ ۋايىغا.
4 چۈنكى ھەقىقەتتۇر پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرى،
ئىشەنچلىكتۇر ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى.

5 ئۇ سۆيەر ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى،
يەر-زېمىنغا تولغاندۇر پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى.

6 يارىتىلغاندۇر ئاسمان پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى بىلەن،
يۇلتۇزلار ئاغزىدىكى نەپەس بىلەن.
7 چەك قويغاندۇر ئۇ دېڭىزدىكى سۇلارغا،
سېلىپ قويغاندۇر ئوكيانلارنى ئامبارلىرىغا.
8 ئەيمەنسۇن پەرۋەردىگاردىن پۈتكۈل يەر يۈزىدىكىلەر،
قورقسۇن ئۇنىڭدىن دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار.
9 چۈنكى ئۇ ئېغىزىنى ئاچسىلا دېگىنى بەرپا قىلىندى،
ئەمر قىلسىلا يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى.

10 يوققا چىقىرار پەرۋەردىگار يات ئەللەرنىڭ قارارىنى،
بىكار قىلىۋېتەر ئاشۇ خەلقلەرنىڭ مەقسەتلىرىنى.
11 مەڭگۈگە تۇرىدۇ پەرۋەردىگارنىڭ قارارى،
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ كۆڭلىگە پۈككەنلىرى.
12 پەرۋەردىگارنى ئۆز خۇدايىمىز دەپ بىلگەن ئىسرائىل بەختلىكتۇر،
پەرۋەردىگار ئۆزىگە تەۋە قىلىپ تاللىغان خەلق بەختلىكتۇر.

13 نەزەر سېلىپ پەرۋەردىگار ئەرشتىن،
كۆرۈپ تۇرار بارلىق ئىنسانلارنى.
14 قاراپ ئۇ ئۆز تۇرارگاھىدىن،
كۆزىتىپ تۇرار بارلىق يەر يۈزىدىكىلەرنى.
15 ئۇ ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ياراتقۇچىدۇر،
بارلىق ئىشلىرىنى دەڭسەپ چىققۇچىدۇر.
16 پادىشاھ غالىب كەلمەس قوشۇنىنىڭ بۈيۈكلىكى بىلەن،
پالۋان ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزالماس كۈچتۈڭگۈرلۈكى بىلەن.

17 بىھۇدىلىكتۇر مەغلۇپ بولۇشتىن قۇتۇلۇش ئات بىلەن،
قۇتقۇزالماس ھېچكىمنى ئات قارا كۈچى بىلەن.

18 بەرھەق، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرى ئۇنىڭدىن ئەيمەنگەنلەردە،
ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىگە ئۈمىد باغلىغانلاردا.
19 قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلۈمدىن،
ساقلاپ، ھايات قالدۇرۇش ئۈچۈن ئاچارچىلىقتىن.
20 پەرۋەردىگارنى تەلمۈرۈپ كۈتىمىز،
ئۇدۇر بىزنىڭ مەدەتكارىمىز، قالقىنىمىز.
21 شادلىنار ئۇنىڭدىن قەلبىمىز،
چۈنكى مۇقەددەس نامىغا ئىشەنچ باغلىغانمىز.
22 ئى پەرۋەردىگار، ئۈمىدىمىز سەندە،
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ يار بولغاي بىزگە.

## 34-كۈي

داۋۇت ساراڭ بولۇۋالغاندا ئابىمەلەك پادىشاھ ئۇنى قوغلىۋەتكەن،
بۇ داۋۇتنىڭ شۇ چاغلارنى ئەسلەپ يازغان كۈيى

1 ھەر دائىم تەرىپلەيمەن پەرۋەردىگارنى،
چۈشۈرمەسمەن ئاغزىمدىن مەدھىيىلەشنى.
2 ۋۇجۇدۇم بىلەن ئاپىرىن ئوقۇيمەن پەرۋەردىگارغا،
ئاجىزلار ئاڭلاپ بۇنى چۆمۈلەر خۇشاللىققا.
3 بىللە مەدھىيىلەيلى پەرۋەردىگارنىڭ بۈيۈكلۈكىنى،
بىرلىكتە ئۇلۇغلايلى ئۇنىڭ نامىنى.

4 مەن پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلدىم، ئۇ ماڭا ئىجابەت بەردى،
مېنى ھەم بارلىق ۋەھىمىلىرىمدىن خالاس قىلدى.

5 شادلىقتىن نۇرلىنار ئۇنىڭغا سېغىنىپ باققانلارنىڭ چېھرى،
ھەرگىزمۇ يەرگە قاراپ قالماس ئۇلارنىڭ يۈزلىرى.
6 پېقىر پەرياد ئۇردۇم، پەرۋەردىگار ئاڭلىدى نىدايىمنى،
قۇتقۇزدى بارلىق كۈلپەتلىرىمدىن مېنى.
7 ھەر ياندىن مۇھاپىزەت قىلىپ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى،
خەۋپتىن قۇتقۇزار پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىدىغانلارنى.

8 ھېس قىلىپ بىلگىن پەرۋەردىگارنىڭ مېھرىبانلىقىنى،
نەقەدەر بەختىنى تاپار پاناھلىغانلار ئۇنى.
9 پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىڭلار، ئەي ئۇنىڭ تەقۋادارلىرى،
ئۇنىڭدىن ئەيمەنگەنلەرنىڭ كەم بولماس ھېچ نەرسىسى.
10 ئوزۇقسىز قېلىپ ئاچ قېلىشى مۇمكىن كۈچلۈك ئارسلانلار،
ئەمما قالماس ھېچ موھتاجلىقتا پەرۋەردىگارغا تەلپۈنگەنلەر.

11 كېلىڭلار ئەي باللىرىم، قۇلاق سېلىڭلار ماڭا،
پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىشنى ئۆگىتەي سىلەرگە.
12 كىمدۇر ھاياتتىن زوقلانغۇچى،
ئۇزاق ئۆمۈر، بەختىيارلىق ئىستىگۈچى؟
13 ئۇنداقتا تارت تىلىڭنى يامان سۆزلەشتىن،
چىقمىسۇن ساختا سۆزلەر لەۋلىرىڭدىن.
14 يامانلىقتىن باش تارتىپ، ياخشىلىق قىلغىن،
تىنچ-ئامانلىق ئىزدەپ ئۇنىڭغا ئىنتىلىپ يۈرگىن.

15 پەرۋەردىگار ھەققانىيلارغا كۆز سالار،
ئۇلارنىڭ نىدالىرىنى ئۇ ئاڭلاپ تۇرار.
16 پەرۋەردىگارنىڭ يۈزى رەزىللىك قىلغۇچىلارغا قارشى تۇرار،

يەر يۈزىدىن ئۇلارنىڭ ناملىرىنى ئۆچۈرۈۋېتەر.
17 ھەققانىيلار نالە-پەرياد كۆتۈرسە، پەرۋەردىگار ئاڭلار،
بارلىق كۈلپەتلىرىدىن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرار.
18 كۆڭلى سۇنۇقلارغا يېقىندۇر پەرۋەردىگار،
روھى ئېزىلگەنلەرنى ئۇ قۇتقۇزار.
19 نۇرغۇندۇر ھەققانىي ئادەم دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار،
ئەمما پەرۋەردىگار ئۇنى ھەممىسىدىن خالاس قىلار.
20 ئامان ساقلار ئۇ ئۇنىڭ بارلىق ئۇستىخانلىرىنى،
سۇندۇرۇلماس بىرەرمۇ ئۇستىخىنى.
21 رەزىللەرنىڭ قىلمىشلىرى ئۆزلىرىگە ئۆلۈم ئېلىپ كېلەر،
ھەققانىيلاردىن نەپرەتلىنىدىغانلار جازالىنار.
22 پەرۋەردىگار ئۆز ئىتائەتمەنلىرىنىڭ ھاياتىغا بەدەل تۆلەر،
ئۇنى پاناھلىغانلارنىڭ ھەممىسى جازادىن خالىي بولار.

## 35_كۈي

داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، ماڭا قارشى چىققانلارغا قارشى چىققايسەن،
ماڭا قارشى جەڭ قىلىۋاتقانلار بىلەن جەڭ قىلغايسەن.
2 قالقانلىرىڭنى ئالغايسەن قوللىرىڭغا،
يېنىمغا كېلىپ ياردەم قىلغايسەن ماڭا.
3 ئايپالتا ۋە نەيزەڭنى قارشى كۆرتۈرگەيسەن مېنى قوغلىغانلارغا.
«مەن نىجاتكارىڭدۇرمەن» دەپ مەدەت بەرگەيسەن ماڭا.
4 جېنىمنى ئالماقچى بولغانلار،
شەرمەندە بولۇپ، رەسۋاچىلىقتا قالغاي،

ماڭا قەست قىلىشۋاتقانلار،
ئارقىسىغا ياندۇرۇلۇپ، يەرگە قاراپ قالغاي.
5 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇلارنى نېرى ھەيدىۋەتكەي،
ئۇلار گويا شامالدا ئۇچقان توپاندەك توزۇپ كەتكەي.
6 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇلارنى قوغلىۋەتكەي،
قاچقان يوللىرى قاراڭغۇ ھەم تېيىلغاق بولغاي.
7 سەۋەبسىزلا قۇرۇپ ئۇلار ماڭا تۇزاقنى،
كولاپ ئورنى ئالماق بولدى جېنىمنى.
8 تۇيۇقسىز ھالاكەت باشلىرىغا كەلگەي،
قۇرغان تورىغا ئۆزلىرى يۆگىشىپ قالغاي،
ئۆزى كولىغان ئورىسىغا چۈشۈپ، ھالاك بولغاي.
9 شۇندا مەن شادلىنارمەن پەرۋەردىگاردىن،
خۇشال بولارمەن ئۇنىڭ نىجاتلىقىدىن.
10 ۋۇجۇدۇم دەيدۇكى:
«ئى پەرۋەردىگار، كىممۇ ساڭا تەڭ كېلەر؟
بىچارىلەرنى كۈچلۈكلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزىدىغان پەقەت سەنلا،
ئېزىلگەن ۋە موھتاجلارنى بۇلاڭچىلاردىن ساقلايدىغان يەنە سەنلا!»

11 نىيىتى يامان گۇۋاھچىلار مەيدانغا چىقار،
خەۋىرىم يوق ئىشلار ھەققىدە مېنى سوراق قىلار.
12 ئۇلار ياخشىلىققا ماڭا يامانلىق قايتۇرار،
ئىچكى دۇنيايىمنى ھەسرەتتە قالدۇرار.
13 مەن قايغۇرۇپ ماتا كىيدىم ئۇلار كېسەل بولغاندا،
روزا تۇتۇش بىلەن ئۆزۈمنى تۆۋەن تۇتتۇم خۇدا ئالدىدا،
لېكىن جاۋابسىز قالدى دۇئالىرىم ھەر ۋاقىتتا.
14 قايغۇرۇپ يۈردىم قېرىندىشىم ياكى دوستۇم ئۈچۈن ئازابلانغاندەك،

بېشىمنى ئېگىپ يۈردۈم ئانىسى ئۈچۈن ماتەم تۇتقان ئادەمدەك.
15 لېكىن پۇتلىشىپ كەتكىنىمدە ئۇلار ئورىۋېلىشتى خۇشاللىقدا،
جەم بولۇشتى ماڭا قارشى چىقىشقا.
مەن تونۇمايدىغان پەس ئادەملەرمۇ قوشۇلۇپ ئۇلارغا،
مازاق قىلىپ زەربە بەردى توختىماي ماڭا.
16 ئۇلار ئار-نومۇسسىزچە مەسخىرە قىلىشتى مېنى،
ماڭا خىرىس قىلىپ غۇچۇرلاتتى چىشلىرىنى.

17 قاچانغىچە قاراپ تۇرىسەن، ئى پەرۋەردىگار؟
قۇتقۇزغىن مېنى ئۇلارنىڭ ياۋۇز زەربىسىدىن،
ئەزىز جېنىمنى ئاشۇ شىرلارنىڭ ئاغزىدىن.
18 تەشەككۈر ئېيتىمەن ساڭا بۈيۈك جامائەت ئىچىدە،
مەدھىيىلەيمەن سېنى شۇ نۇرغۇن ئېتىقادچىلار ئارىسىدا.
19 ئۈستۈمدىن كۈلمىسۇن سەۋەبسىزلا رەقىبلىرىم بولغانلار،
كۆزلىرىنى ئالايتمىسۇن ماڭا سەۋەبسىزلا ئۆچ بولغانلار.
20 شۇبھىسىزكى، ئېلىپ قويماس ئىناقلىقنى ئۇلار ئېغىزلىرىغا،
بەلكى تۈزەر شۇم پىلانلار زېمىندىكى تىنچ ياشايدىغانلارغا.
21 ناھەقتىن دەيدۇكى ئۇلار ۋاقىرىشىپ ماڭا:
«ۋاي-ۋاي، ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق قىلمىشلىرىڭنى مانا!»

22 ئى پەرۋەردىگار، ئۆزۈڭ كۆردۈڭ ئۇلارنى، سۈكۈت قىلمىغايسەن،
ئى ئىگەم، مەندىن يىراقلاشمىغايسەن.
23 كەلگەيسەن، ماڭا چىقارغايسەن ئادىل ھۆكۈمۈڭنى،
ئى خۇدايىم ۋە ئىگەم، قوللىغايسەن دەۋايىمنى.
24 ئى پەرۋەردىگار خۇدايىم، ھەققانىيلىقىڭ بىلەن ئاقلىغايسەن مېنى،
ئۈستۈمدىن كۈلۈشكە قويمىغايسەن دۈشمەنلىرىمنى.

25 ئۇلار ئۆز-ئۆزلىرىگە «دەل بىز ئارزۇ قىلغاندەك بولدى!» دېمىگەي،
«يۇتىۋالدۇق ئاخىرى بىز ئۇنى» دەپ ماختانمىغاي.
26 كۈلپەتىمدىن خۇشال بولغانلار،
قايمۇقتۇرۇلۇپ، شەرمەندە بولغاي.
مەندىن ئۆزلىرىنى ئۈستۈن تۇتقانلار،
نومۇس ۋە رەسۋاچىلىقتا قالغاي.

27 خۇش بولىدىغانلار ئاقلىنىشىمغا،
چۇقان سالسۇن چۆمۈپ شادلىققا.
ھەر ۋاقىتتا دېگەي ئۇلار،
«ئۇلۇغدۇر قۇلىنىڭ ئامانلىقىدىن سۆيۈنگەن پەرۋەردىگار!»
28 تىلىم بايان ئەيلەر ھەققانىيلىقىڭنى،
كۈن بويى مەدھىيىلەرمەن سېنى.

## 36ـ كۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ،
پەرۋەردىگارنىڭ بەندىسى داۋۇت يازغان كۈي

1 ئايان بولدى قەلبىمگە بىر چۈشەنچە،
رەزىللەرنىڭ ئىتائەتسىزلىكى ھەققىدە،
يوقتۇر، خۇدادىن قورقۇش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە.
2 چۈنكى ئۇلار ئۆزىنى شۇنداق چوڭ تۇتار،
تونۇماس گۇناھلىرىنى ھەتتا،
نەپرەتلەنمەس ئۇلاردىن ئەسلا.
3 زەھەر ۋە ھىيلە-مىكىرلىك چىقار ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن،
ئۇلار باش تارتقاندۇر ئاقىلانە ھەم ياخشى ئىشلاردىن.

4 ھەتتا ياتقاندىمۇ ئويدۇرۇپ چىقار رەزىل پىلاننى،
ئاتقاندۇر گۇناھ يولىغا ئۆزلىرىنى،
ھېچقاچان رەت قىلماس يامانلىقنى.

5 ئى پەرۋەردىگار، تاقىشار مۇھەببىتىڭ ئەرشكە،
ۋاپادارلىقىڭ ئاسمان-پەلەككە.
6 ئوخشار ھەققانىيلىقىڭ بۈيۈك تاغلارغا،
ھۆكۈملىرىڭ چوڭقۇر دېڭىزلارغا.
ئى پەرۋەردىگار، پەرۋىش قىلىسەن ئۆزۈڭ،
ئىككىلىسىنى ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ.
7 ئى خۇدا، بىباھادۇر ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ،
پاناھ تاپار ئىنسانلار، سايىسىدا قاناتلىرىڭ.
8 قانائەتلىنەر ئۇلار ئۆيۈڭدىكى مول نېمەتلەردىن،
بەھرىمەن قىلىسەن ئۇلارنى ھۇزۇر بەرگۈچى دەريايىڭدىن.
9 چۈنكى ھاياتلىق بۇلىقى ئۆزۈڭدۇرسەن،
كۆرىمىز ھەقىقەتنى نۇرۇڭ بىلەن.

10 ئايرىلمىغاي مېھىر-مۇھەببىتىڭ سېنى تونۇغانلاردىن،
ئادالىتىڭ قەلبى پاكلاردىن.
11 دەسسىمىسۇن مېنى تەكەببۇرلارنىڭ پۇتى،
قوغلىمىسۇن رەزىللەرنىڭ قولى.
12 مانا غۇلاپ چۈشتى يامانلىق قىلغۇچىلار،
يىقىتىۋېتىلدى، ئەمدى تۇرالماس ئۇلار.

## 37-كۈي

داۋۇت يازغان كۈي

1 كۆڭلۈڭ بىسەرەمجان بولمىسۇن رەزىللەردىن،
يامانلارغا ئاغرىتما يۈرىكىڭنى ھەسەتتىن.
2 چۈنكى ئۇلار تېزلا قۇرۇيدۇ چۆپلەردەك،
بىردەمدىلا توزۇيدۇ مامكاپتەك.
3 پەرۋەردىگارغا ئىشىنىپ، ياخشىلىق قىلغىن،
زېمىندا * ماكانلىشىپ، تىنچ-ئامانلىقتىن بەھرىلەنگىن.
4 قەلبىمنىڭ شادلىقى دەپ بىلگىنىڭدە پەرۋەردىگارنى،
ۋۇجۇدقا چىقىرار ئۇ قەلبىڭدىكى ئارزۇلارنى.
5 ئامانەت قىل ھايات يولۇڭنى پەرۋەردىگارغا،
ئىشەن ئۇنىڭغا، ئۇ يېتەكچى بولار ساڭا.
6 ئۇ يورۇتىدۇ ھەققانىيلىقىڭنى تاڭ سەھەردەك،
چاقنىتىدۇ ئادالىتىڭنى چۈشتىكى قۇياشتەك.
7 پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا سۈكۈت قىلغىن،
ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتكىن.
كۆڭلۈڭ بىسەرەمجان بولمىسۇن روناق تاپقان ئادەملەردىن،
ھارام پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئاشۇ كىشىلەردىن.
8 ئاچچىقىڭدىن يان، باسقىن غەزىپىڭنى،
بىسەرەمجان بولما، بىسەرەمجانلىق ئېلىپ كېلەر پەقەت يامانلىقنى.
9 زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ رەزىللىك قىلغۇچىلار،
ئەمما زېمىنغا ئىگە بولىدۇ ئۈمىدىنى پەرۋەردىگارغا باغلىغانلار.
10 پات يېقىندا تۈگەيدۇ رەزىللەرنىڭ كۈنى،

* زېمىن — خۇدا ئىسرائىل خەلقىگە ۋەدە قىلىپ بەرگەن يەرنى كۆرسىتىدۇ.

غايىب بولار ماكانلىرىدىن، ئىزدەپمۇ تاپالمايسەن ئۇلارنى.
11 لېكىن كەمتەرلىك بىلەن خۇداغا تايىنىدىغانلار،
زېمىنغا ئىگە بولۇپ، مول بەرىكەتتىن ھۇزۇرلىنار.

12 ھەققانىي ئادەمگە رەزىللەر قەست قىلىدۇ،
ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ.
13 ئىگىمىز رەزىللەرگە مەسخىرىلىك كۈلىدۇ،
چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ جازالىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.
14 رەزىللەر غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ قىلىچىنى،
تارتتى ئوقياسىنىڭ كىرىچىنى،
يىقىتىش ئۈچۈن بىچارە ۋە موھتاجلارنى،
قىرىش ئۈچۈن دۇرۇس يولدا ماڭغانلارنى.
15 ئۆز يۈرەكلىرىگە سانجىلىدۇ قىلىچلىرى،
سۇندۇرۇلىۋېتىدۇ يالىرى.
16 قولىدىكى ئاز دۇنيامۇ ھەققانىي ئادەمنىڭ،
ئەۋزەلدۇر بايلىقلىرىدىن نۇرغۇن رەزىللەرنىڭ.
17 سۇندۇرۇلىدۇ رەزىللەرنىڭ بىلەكلىرى،
پەرۋەردىگار يۆلەپ تۇرىدۇ ھەققانىيلارنى.

18 كۆڭۈل بۆلىدۇ پەرۋەردىگار پاك ئىنسانىنىڭ ھاياتىغا،
بېرىلگەن زېمىن مەڭگۈگە قالىدۇ ئۇلارغا.
19 يەرگە قاراپ قالمايدۇ ئۇلار ئېغىر كۈنلەردە،
توق يۈرىدۇ قەھەتچىلىكتە.
20 بىراق رەزىللەر ھالاك بولىدۇ،
پەرۋەردىگارنىڭ دۈشمەنلىرى ياۋا گۈللەردەك توزۇيدۇ،
ئۇلار ئىس-تۈتەكتەك غايىب بولۇپ تۈگەيدۇ.

21 رەزىللەر قەرز ئېلىپ قايتۇرمايدۇ،
ئەمما ھەققانىيلار شەپقەتلىك بولۇپ، ساخاۋەت قىلىدۇ.
22 پەرۋەردىگار بەرىكەت بەرگەنلەر زېمىنغا ئىگە بولىدۇ،
ئۇنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلار زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.
23 خۇرسەن بولسا بىر ئادەمنىڭ يولىدىن پەرۋەردىگار،
ئۇ ئۇنىڭ قەدەملىرىنى مەزمۇت قىلار.
24 پەرۋەردىگار ئۇنى يۆلەپ تۇرىدۇ،
پۇتلىشىپ كەتسىمۇ ئۇ يىقىلمايدۇ.

25 ياش ئىدىم مەن قېرىدىم ئەمدى،
كۆرمىدىم ھېچ خۇدانىڭ ھەققانىي ئادەمنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى،
ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ نان تىلىگەنلىكىنى.
26 ئۇ ئادەم ھەمىشە شەپقەتلىك بولۇپ، ئۆتنە بېرىدۇ،
پەرزەنتلىرىمۇ بەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ.

27 ياخشىلىق قىلغىن، يامانلىقنى تاشلا،
مەڭگۈ ماكانلىشىسەن خۇدا ۋەدە قىلغان زېمىندا.
28 چۈنكى پەرۋەردىگار سۆيىدۇ ئادالەتنى،
تاشلىمايدۇ ئۆزىنىڭ تەقۋادار خەلقىنى،
تائەبەد قوغداپ ساقلايدۇ ئۇلارنى،
بىراق قۇرۇتىدۇ رەزىللەرنىڭ نەسلىنى.
29 ھەققانىيلار زېمىنغا ئىگە بولىدۇ،
ئۇنىڭدا مەڭگۈگە ماكان تۇتۇپ ياشايدۇ.
30 ھەققانىي ئادەمنىڭ ئاغزىدىن دانالىق چىقىدۇ،
ئۇ ھامان ئادىل سۆزلەيدۇ.

31 قەلبىدە خۇدانىڭ تەلىملىرى ئورۇن ئالىدۇ،
شۇڭا ئۇ قەدەملىرىدە خاتالىشىپ كەتمەيدۇ.
32 رەزىللەر ھەققانىي ئادەمنى پايلاپ تۇرىدۇ،
ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ پەيتىنى ئىزدەپ يۈرىدۇ.
33 پەرۋەردىگار ئۇنى رەزىللەرنىڭ قولىغا قالدۇرمايدۇ،
ھەم ئۇنىڭغا قارشى ھۆكۈممۇ چىقارغۇزمايدۇ.
34 تەلمۈرۈپ كۈت پەرۋەردىگارنى،
چىڭ تۇتقىن ئۇنىڭ يولىنى.
ئىگە قىلىدۇ زېمىنغا يۈكسەلدۈرۈپ سېنى،
كۆرسەن رەزىللەرنىڭ زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىلىشىنى.

35 كۆرگەنمەن رەزىل، زوراۋان ئادەمنىڭ روناق تاپقىنىنى،
ياخشى يىلتىز تارتقان، بۈك-باراقسان دەرەختەك بولغىنىنى.
36 ئەمما ئۇ ئۆتۈپ كەتتى، يوق بولدى قارا،
ئۇنى ئىزدىسەممۇ تاپالمايمەن مانا.
37 پاك ئادەملەرگە باق، كۆزەت دۇرۇسلارنى،
بەرھەق، تىنچلىقپەرۋەرلەرنىڭ بولىدۇ ئىستىقبالى.
38 بىراق ئىتائەتسىزلەر پۈتۈنلەي قىرىلىدۇ،
رەزىللەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىدۇ.
39 ھەققانىيلارنىڭ نىجاتلىقى پەرۋەردىگاردىندۇر،
ئېغىر كۈنلەردە ئۇ ئۇلارنىڭ باشپاناھىدۇر.
40 پەرۋەردىگار ئۇلارغا ياردەم قىلىپ، نىجاتلىق بېرىدۇ،
ئۇلارنى رەزىللەردىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئامان ساقلايدۇ،
چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭدىن پاناھ تاپىدۇ.

## 38ـكۈي

خاتىرلەش ئۈچۈن داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، ئەيىبلىمىگىن مېنى قەھرىڭ بىلەن،
چۈشەندۈرمىگىن ھەم غەزىپىڭ بىلەن.
2 تېنىمگە تېشىپ كىردى ئاتقان ئوقلىرىڭ،
قولۇڭ بىلەن مېنى قاتتىق باستىڭ.
3 تېنىمنىڭ ھېچ ساقلىقى يوقتۇر سېنىڭ غەزىپىڭدىن،
ھەر بىر ئۇستىخىنىم قاقشاپ ئاغرىيدۇ گۇناھلىرىمدىن.
4 گۇناھلىرىمنىڭ كەلكۈنىگە غەرق بولدۇم،
ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن يەرگە پاتقۇدەك بولدۇم.
5 ئەخمەق، نادانلىقىم تۈپەيلى،
جاراھەتلىرىم يىرىڭلاپ، سېسىپ كەتتى.
6 كەتتىم مۈكچىيىپ، بەللىرىم پۈكۈلۈپ،
كۈن بويى يۈرىمەن قايغۇغا پېتىپ.
7 ئاغرىماقتا كۆيۈپ پۈتۈن بەدىنىم،
تېنىمدە ھېچ قالمىدى ساق يېرىم.
8 جېنىم ھالسىراپ تۈمشۇقۇمغا كېلىپ قالدى،
قەلبىمدىكى ھەسرەت نالە قىلدۇردى مېنى.
9 ئى پەرۋەردىگار، ئاياندۇر ساڭا بارلىق ئارزۇلىرىم،
سەندىن يوشۇرۇن ئەمەستۇر ئۇھ تارتىشلىرىم.
10 يۈرىكىم جىغىلداپ، كەتتىم ھالىمدىن،
ھەتتا قاچتى نۇرلىرىمۇ كۆزلىرىمدىن.
11 ماڭا كەلگەن زەخمەتلەر تۈپەيلى،
يارۇ-بۇرادەرلىرىم ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى،
تۇغقانلىرىممۇ مەندىن يىراق قېچىشتى.

12 تۇزاق قۇرىدۇ جېنىمغا قەست قىلماقچى بولغانلار،
زەھرىنى چاچىدۇ ماڭا زىيان ئىستىگەنلەر،
كۈن بويى ھىيلە-مىكىر تۈزىدۇ ئۇلار.
13 ئەمما مەن ئاڭلىمايمەن گاس ئادەمدەك،
ھېچ گەپ قىلمايمەن گاچا كىشىدەك.
14 شۇنداق، مەن گويا قۇلىقى پاڭ ئادەمدەكتۇرمەن،
ئاغزىدىن رەددىيمۇ چىقمايدىغان كىشىدەكتۇرمەن.
15 ئى پەرۋەردىگار، مەن ساڭا ئۈمىدىمنى باغلىدىم،
سەن جاۋاب بېرىسەن ئۇلارغا، ئى ئىگەم خۇدايىم.
16 تىلەيمەنكى، ئۈستۈمدىن كۈلمىسۇن ئەسلا،
تېيىلغىنىمدا ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلار.
17 چۈنكى مەن يىقىلاي دەپ قالدىم،
ئازابىم ھەمراھىمدۇر ھەر دائىم.
18 ئۆز گۇناھىمنى ئىقرار قىلىمەن،
گۇناھلىرىم تۈپەيلى ئەندىشىگە قالىمەن.
19 دۈشمەنلىرىم ساغلام ۋە كۈچلۈكتۇر،
ماڭا سەۋەبسىز ئۆچ بولغانلار كۆپتۇر.
20 يامانلىق قايتۇرغانلار ياخشىلىققا،
توغرا يولدا ماڭغانلىقىمدىن قارشى چىقىدۇ ماڭا.
21 ئى پەرۋەردىگار، مېنى تاشلىۋەتمىگىن،
ئى خۇدايىم، مەندىن يىراقلاشمىغىن.
22 ئى ئىگەم، نىجاتكارىم،
قىلغىن ماڭا تېزدىن ياردەم!

## 39-كۈي

نەغمىچىلەر بېشى يەدۇتۇنغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي

1 ئۆز ئۆزۈمگە دېدىمكى:
گۇناھ قىلماسلىق ئۈچۈن تارتاي تىلىمنى،
رەزىللەر ئالدىمدا تۇرغىنىدا تىكىپ قوياي ئېغىزىمنى.
2 كېرەك بولسىمۇ گەرچە سۆزلىشىم،
زۇۋان سۈرمىدىم، سۈكۈت قىلدىم،
ئېشىشۋەردى بارغانسېرى دىل ئازابىم.
3 ئۆرتەلدى زەرداب بولۇپ يۈرىكىم،
ياندى ئوت بولۇپ ئويلىغانسېرى ئىچىم.
ئىختىيارسىز تىلىم سۆزگە كېلىپ، ئاخىرى دېدىم:

4 «ئى پەرۋەردىگار، چۈشىنەي ھاياتىمنىڭ قىسقىلىقىنى،
كۈنلىرىمنىڭ قانچىلىك قالغانلىقىنى.
ئۇقۇپ قالاي ئۆمرۈمنىڭ ئۆتكۈنچىلىكىنى.»
5 ۋەھالەنكى قىلغانسەن كۈنلىرىمنى نەچچە غېرىچلا،
ھېچنېمە ئەمەستۇر ئۆمۈر يېشىم نەزىرىڭدە،
شۈبھىسىزكى، بىرلا تىنىقتۇر بارلىق ئىنسان ئۆمرى پەقەتلا.
سېلاھ
6 بىر سايىدۇر خالاس، ئادەملەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى،
بىھۇدىدۇر ئالدىراپ-تېنەشلىرى.
يىغار بايلىق لېكىن بىلمەس ئۇلار،
شۇ بايلىققا كىم ئىگىدارچىلىق قىلار.

7 ئى پەرۋەردىگار، نېمىنى تەلمۈرۈپ كۈتەي ئەمدى؟
مېنىڭ ئۈمىدىم سەندىلا قالدى.
8 بارلىق گۇناھلىرىمدىن قۇتقۇزغىن،
ھاماقەتلەرنىڭ مەسخىرىسىگە مېنى قالدۇرمىغىن.
9 سۈكۈت قىلىپ ئاچمايمەن ئاغزىمنى،
چۈنكى ئادىل جازالىدىڭ ئۆزۈڭ مېنى.
10 توختاتقايسەن مېنى چېۋىقلىشىڭدىن،
ئېزىلىپ كەتتىم قولۇڭنىڭ زەربىسىدىن.
11 سەن تەنبىھلەپ تەربىيىلىگەندە گۇناھلىرى ئۈچۈن ئىنسانىنى،
كۈيە چۈشكەندەك يوق قىلىسەن ئۇنىڭ قەدىرلىگەنلىرىنى.
بىر تىنىقتۇر خالاس ھەر بىر ئىنسان ئۆمرى.

سېلاھ

12 ئى پەرۋەردىگار، دۇئالىرىمنى تىڭشىغايسەن،
نالە-پەريادلىرىمغا قۇلاق سالغايسەن.
كۆز ياشلىرىمغا سۈكۈت قىلمىغايسەن،
چۈنكى ئالدىڭدا بىر مۇساپىرمەن،
بارلىق ئاتا-بوۋىلىرىمدەك ياقا يۇرتلۇقمەن.
13 غەزىپىڭنى كۆتۈرۈۋەتكەيسەن مەندىن،
يايرار كۆڭلۈم ئاندىن،
ئۆلۈپ يوق بولماستىن بۇرۇن بۇ ئالەمدىن.

## 40‑كۈي

1 سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتتۈم پەرۋەردىگارنى،
قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى ئۇ پەريادىمنى.
2 تارتىۋالدى ئۇ مېنى ھالاكەت ھاڭدىن،
چىقىرۋالدى چوڭقۇر پاتقاقتىن.
قورام تاش ئۈستىگە تۇرغۇزدى پۇتلىرىمنى،
ھەم مۇستەھكەم قىلدى قەدەملىرىمنى.
3 خۇدا ئاتا قىلدى ماڭا يېڭى بىر كۈينى،
خۇدايىمىزنى مەدھىيىلەيدىغان مۇناجاتنى.
نۇرغۇن ئادەملەر بۇنى كۆرۈپ، ھەيران قالىدۇ،
ھەمدە پەرۋەردىگارغا ئىشەنچ باغلايدۇ.

4 بەختلىكتۇر، پەرۋەردىگارغا ئىشەنچ قىلغانلار،
تەكەببۇرلار بىلەن يالغانچىلاردىن ئۈمىد كۈتمىگەنلەر.
5 ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، شۇنچە كۆپتۇر مۆجىزىلىرىڭ،
بىز ئۈچۈن قىلغان ئاجايىباتلىرىڭ ھەم پىلانلىرىڭ.
سانسىزدۇر گەر بايان قىلاي دېسەم ئاشۇ ئىشلىرىڭ،
ئەسلا يوقتۇر سېنىڭ تەڭدىشىڭ.

6 خاھىشىڭ ئەمەستۇر نە قۇربانلىق، نە ئاشلىق ھەدىيىسى،
تەلىپىڭ ئەمەستۇر نە كۆيدۈرمە، نە گۇناھ قۇربانلىقى،
قۇلاقلىرىمنى ئاچتىڭ ئاڭلاشقا بۇنى.
7 شۇڭا دېدىمكى: «مەن كەلدىم مانا،
پۈتۈلگەندۇر مەن توغرۇلۇق مۇقەددەس ئورام يازمىلاردا.
8 ئى خۇدايىم، ئىرادەڭنى ئىشقا ئاشۇرۇش خۇشاللىقىمدۇر،
تەلىملىرىڭ قەلبىمگە پۈتۈكلۈكتۇر.»

9 بۈيۈك جامائەت ئارىسىدا،
جاكارلىدىم ھەققانىيلىقىڭنى.
يۇمىۋالمايمەن ھەرگىز ئاغزىمنى،
ئى پەرۋەردىگار بىلىسەن بۇنى.
10 يوشۇرۇپ يۈرمىدىم قەلبىمدە ھەققانىيلىقىڭنى،
بايان ئەيلەيمەن ۋاپادارلىقىڭ ھەم نىجاتلىقىڭنى.
پىنھان تۇتمىدىم بۈيۈك جامائەتتىن،
ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ ھەم ھەقىقىتىڭنى.

11 ئى پەرۋەردىگار، مەندىن شەپقىتىڭنى ئايىمىغىن،
ساقلىغاي مېنى ھەمىشە ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ ھەم ھەقىقىتىڭ.
12 چۈنكى چىرمىۋالدى ھەددى-ھېسابسىز كۈلپەتلەر مېنى،
بېسىۋالدى گۇناھلىرىم، كۆزلىرىم كۆرەلمەس بولدى ئەمدى.
كۆپتۇر گۇناھلىرىم بېشىمدىكى چېچىمدىن،
كەتتى جاسارىتىم مەندىن.
13 ئى پەرۋەردىگار، ئىلتىپات قىلىپ مېنى قۇتقۇزغىن،
ئى پەرۋەردىگار ماڭا تېزرەك ياردەم بەرگىن!

14 جېنىمنى ئالماقچى بولغانلار،
شەرمەندە بولۇپ، يەرگە قاراپ قالسۇن،
جەبىر-جاپايىمدىن خۇش بولغانلار،
ئارقىسىغا ياندۇرۇلۇپ، رەسۋاچىلىقتا قالسۇن.
15 «ھى، ھى» دەپ مېنى مەسخىرە قىلغانلار،
شەرمەندىلىكىدىن ئالاقزادە بولسۇن.

16 ھەممە ساڭا تەلپۈنگۈچىلەر،
سەندىن خۇشال بولۇپ شادلانسۇن.

نىجاتلىقىڭنى سۆيگەنلەر،
ھەمىشە «پەرۋەردىگار ئۇلۇغدۇر!» دېسۇن.
17 بىر موھتاجمەن، بىچارىمەن مەنكى،
بىراق ياد ئېتىدۇ ئىگەم مېنى.
مېنىڭ ياردەمچىم، قۇتۇلدۇرغۇچىمسەن،
ئى خۇدايىم، ھايال بولمىغايسەن!

## 41-كۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي

1 بەختلىكتۇر غېرىب-بىچارىلەردىن خەۋەر ئالغۇچى،
قۇتقۇزار پەرۋەردىگار، بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇنى.
2 پەرۋەردىگار ئۇنى قوغداپ، ھاياتىنى ساقلايدۇ،
خۇدا ئاتا قىلغان زېمىندا ئۇ بەختىيار ياشايدۇ،
ئۇنى رەقىبلىرىنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرمەيدۇ.
3 ساقىسىز بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىدا،
ئى پەرۋەردىگار، يار-يۆلەك بولىسەن ئۇنىڭغا،
شىپالىق بېرىسەن كېسەل چاغلىرىدا.
4 قىلدىمكى ئىلتىجا:
— ئى پەرۋەردىگار، شەپقەت قىل ماڭا،
ساقايتقىن مېنى، گۇناھ قىلىپ قارشى چىقتىم ساڭا.
5 دۈشمەنلىرىم رەھىمسىزلەرچە مېنىڭ ئۈستۈمدىن دەركى:
«قاچانمۇ ئۇ ئۆلۈپ، ئۆچەر نامى؟»
6 كېلىپ يېنىمغا ئۇلاردىن بىرەرسى،
ئېيتار ماڭا سەمىمىيەتسىز سۆزلەرنى.
مېنىڭ ئۈستۈمدىن كۆڭلىدە توپلاپ غەيۋەتنى،

تارتىدۇ يېنىمدىن چىقىپ تاشقىرىغا ئۇلارنى.
7 ماڭا ئۆچلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۇستۇمدىن پىچىرلىشار،
ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ قەستىدە مۇنداق دېيىشەر:
8 «ئۇنىڭغا يامان كېسەل چاپلىشىپتۇ،
ئەمدى ياتقان ئورنىدىن مەڭگۈ تۇرالمايدۇ!»
9 ھەتتا ئۆزۈم ئىشەنگەن قەدىناس دوستۇممۇ،
سېتىۋەتتى مېنى، ئاش-تۇزۇمنى يەپ تۇرۇپمۇ.
10 ئى پەرۋەردىگار، ماڭا شەپقەت قىلغايسەن،
ئورنۇمدىن مېنى تۇرغۇزغايسەن،
شۇندا ھېساب ئالاي ئۇلاردىن مەن.
11 يول قويمىدىڭ غەلىبە قىلىشقا دۈشمەنلىرىمنىڭ ئۈستۈمدىن،
شۇنىڭدىن بىلدىم خۇش ئىكەنلىكىڭنى مەندىن.
12 دىيانەتلىك بولغىنىم ئۈچۈن مېنى يۆلەيسەن،
ھۇزۇرۇڭدا مەڭگۈگە تۇرغۇزىسەن.
13 ئەزەلدىن تا ئەبەدكە مەدھىيىلەر بولغاي پەرۋەردىگارغا،
ئىسرائىل ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداغا!
ئامىن، ئامىن!

## 42-كۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ،
كوراھنىڭ ئەۋلادلىرى يازغان ماسقىل

1 چاڭقىغان كېيىك تەشنا بولغاندەك ئېقىنلارغا،
تەشنادۇرمەن ساڭا، ئى خۇدا.
2 ئىنتىزاردۇرمەن پەرۋەردىگارغا، بىردىنبىر ھەقىقىي خۇداغا،
قاچانمۇ كۆرەرمەن ئۇنىڭ چېھرىنى، كىرىپ ھۇزۇرىغا؟

3 كېچە-كۈندۈز كۆز ياشلىرىم مەن ئۈچۈن بولغاندۇر غىزا،
«قېنى خۇدايىڭ؟» دېيىشەر رەقىبلىرىم دائىم ماڭا.

4 كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ مۇنۇلارنى ئەسلىگىنىمدە:
جامائەت بىلەن باراتتىم مەن ھېيت ئۆتكۈزۈشكە،
كىشىلەر توپىنى باشلايتتىم خۇدانىڭ ئۆيىگە.
شۈكۈر-سانا ئېيتاتتۇق، توۋلىشىپ شادلىقتا شۇ دەمدە.
5 ئەي كۆڭلۈم، نېمىشقا چۈشكۈنسەن شۇنچە؟
نېمىشقا ئارام تاپمايسەن ئىچىمدە؟
ئۈمىد كۈت خۇدادىن كۆڭلۈم، مەدھىيىلەيمەن ئۇنى يەنىلا،
خۇدايىم خۇش چىراي ئاتا قىلغۇچىدۇر ماڭا. *

6 ئى خۇدايىم، غەم باستى كۆڭلۈمنى،
شۇڭا ئەسلەيمەن سېنى.
ئىئوردانىيە زېمىنىدا،
خېرمون ۋە مىزار تاغلىرىدا.
7 گۈلدۈرلەپ ئېقىپ چۈشكەن شاقىراتمىلىرىڭدەك،
توختىماي كەلمەكتە بېشىمغا كۈلپەتلىرىڭ،
بېسىپ ئۆتمەكتە مانا ئۈستۈمدىن دولقۇنلىرىڭ، ئۆركەشلىرىڭ.
8 كۈندۈزى كۆرستەر پەرۋەردىگار ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىنى،
كېچىسى ئۇ ماڭا ئاتا قىلار ئېيتىدىغان ناخشامنى،
ھاياتىمنىڭ ئىگىسى خۇداغا بېغىشلىغان مۇناجاتلىرىمنى.

*5. ياكى «ئۇ مېنىڭ نىجاتلىقىم، مېنىڭ خۇدايىم» دەپ چۈشىنىشمۇ مۇمكىن.

9 خۇداغا ــ پاناھلىنىدىغان قيا تېشىمغا ئېيتارمەن:
نېچۈن مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭ؟
نېچۈن ماتەم تۇتۇپ يۈرەرمەن،
زۇلۇمى ئاستىدا دۈشمەنلىرىمنىڭ؟
10 ئۆتتى سۆڭەكتىن رەقىبلىرىمنىڭ تاپا-تەنلىرى،
ھەمىشە ماڭا «قېنى خۇدايىڭ؟» دېيىشلىرى.
11 ئەي كۆڭلۈم، نېمىشقا چۈشكۈنسەن شۇنچە؟
نېمىشقا ئارام تاپمايسەن ئىچىمدە؟
ئۈمىد كۈت خۇدادىن كۆڭلۈم، مەدھىيىلەيمەن ئۇنى يەنىلا،
خۇدايىم خۇش چىراي ئاتا قىلغۇچىدۇر ماڭا.

## 43_كۈي

1 ئى خۇدا، ئاقلىغىن مېنى،
قوللىغىن ھەققانىيەتسىز خەلققە قارشى دەۋايىمنى،
قۇتۇلدۇرغىن ھىيلىگەر، ئادالەتسىزلەردىن مېنى.
2 خۇدا سەن باشپاناھىمدۇرسەن،
نېمىشقا مېنى تەرك ئېتىسەن؟
نېچۈن ماتەم تۇتۇپ يۈرەرمەن،
زۇلۇمى ئاستىدا دۈشمەنلىرىمنىڭ؟

3 ئەۋەتكىن نۇرۇڭنى، ھەقىقىتىڭنى،
يېتەكلىسۇن، ئېلىپ بارسۇن ئۇلار مېنى،
مۇقەددەس تېغىڭغا، ماكان قىلغان چېدىرىڭغا.
4 شۇندا بارارمەن خۇدانىڭ قۇربانلىق سۇپىسى ئالدىغا،
بۈيۈك شادلىقىم بولغان خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا.

چېلىپ ئىلرا ئېيتىمەن ھەمدۇسانا ساڭا،
مېنىڭ خۇدايىم، ئى خۇدا.
5 ئەي كۆڭلۈم، نېمىشقا چۈشكۈنسەن شۇنچە؟
نېمىشقا ئارام تاپمايسەن ئىچىمدە؟
ئۈمىد كۈت خۇدادىن كۆڭلۈم، مەدھىيىلەيمەن ئۇنى يەنىلا،
خۇدايىم خۇش چىراي ئاتا قىلغۇچىدۇر ماڭا.

## 44-كۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ،
كوراھنىڭ ئەۋلادلىرى يازغان ماسقىل

1 ئى خۇدا، قەدىمكى زاماندا،
ئىش-ئىزلىرىڭنى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا،
ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئېيتىپ بەرگەن بىزگە،
ئاڭلىغان بىز ئۆز قۇلىقىمىزدا.
2 ئۆز قولۇڭ بىلەن زېمىنىدىن قوغلىۋەتتىڭ يات خەلقلەرنى،
ئاشۇ زېمىنغا ئولتۇراقلاشتۇردۇڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى.
قاتتىق ئازابلاپ ياتلارنى،
روناق تاپقۇزدۇڭ ئەجدادلىرىمىزنى.
3 ئالغان ئەمەس ئۇلار زېمىننى ئۆز شەمشىرى بىلەن،
غەلىبىگە ئېرىشكىنى يوق ئۆز بىلىكى بىلەن،
بەلكى ئۇلارنىڭ غالىب كېلىشى سەندىن،
ئوڭ قولۇڭ، بىلىكىڭ ۋە چېھرىڭ نۇرىدىن،
بەرھەق، سۆيۈندۈڭ سەن ئۇلاردىن.

4 ئى خۇدا، مېنىڭ پادىشاھىمسەن،
ياقۇپ نەسلىگە غەلىبە نېسىپ قىلغۇچىسەن.

5 بىز سەن ئارقىلىق ھەيدىۋېتىمىز رەقىبلىرىمىزنى،
نامىڭ بىلەن چەيلىۋېتىمىز بىزگە قارشى چىققۇچىلارنى.
6 ئىشەنچ قىلماسمەن ئۆز ئوقيايىمغا،
شەمشىرىم ئېرىشتۈرەلمەس مېنى غەلىبىگە.
7 غەلىبە قىلغۇزدۇڭ رەقىبلىرىمىز ئۈستىدىن بىزنى،
شەرمەندە قىلدىڭ بىزدىن نەپرەتلەنگەنلەرنى.
8 كۈن بويى پەخىرلىنىپ تەرىپلەيمىز خۇدانى،
ئى خۇدا، تائەبەدكە مەدھىيىلەيمىز نامىڭنى.

سېلاھ

9 بىراق ھازىر سەن تاشلىۋېتىپ بىزنى قالدۇردۇڭ ئاھانەتكە،
چىقماسسەن قوشۇنلىرىمىز بىلەن بىللە جەڭگە.
10 چېكىندۈردۇڭ بىزنى رەقىبلىرىمىز ئالدىدا،
بىزدىن نەپرەتلەنگەنلەر بۇلىدى بىزنى شۇ ھالدا.
11 بىزنى ئۇلارغا قوي كەبى سويۇشقا بەردىڭ،
يات ئەللەر ئارىسىغا چېچىۋەتتىڭ.
12 قۇل قىلىپ ئۆز خەلقىڭنى ئەرزانغا سېتىۋەتتىڭ،
بىزنى سېتىشتىن ھەم ھېچ پايدا كۆرمىدىڭ.
13 قالدۇرۇپ بىزنى قوشنا ئەللەرنىڭ ھاقارىتىگە،
ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ نەپرىتى ۋە مەسخىرىسىگە.
14 يات ئەللەر ئارىسىدا مازاققا قالدۇردۇڭ بىزنى،
ئۇلار مەسخىرىلىك كۈلۈشەر چايقىشىپ باشلىرىنى.
16-15 تىل-ئاھانەت ئاڭلىغانلىقىمدىن،
رەقىب، ئۆچ ئالغۇچىلارنى ئۇچراتقانلىقىمدىن،
نومۇسقا قېلىۋاتقىنىم كۈن بويى كۆز ئالدىمدىدۇر،
شەرمەندىلىك مېنى بېسىۋالغاندۇر.

17 بۇلارنىڭ ھەممىسى بېشىمىزغا چۈشتى،
گەرچە بىز سېنى ئۇنتىمىغان بولساقمۇ،
ياكى ئەھدەڭگە خىلاپلىق قىلمىساقمۇ.
18 كۆڭلىمىز قايتمىدى سەندىن،
قەدەملىرىمىزمۇ چەتنىمىدى يولۇڭدىن.
19 بىراق سەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئېزىپ بىزنى،
ياردەمسىز قالدۇردۇڭ خارابىدە خەلقىڭنى،
ئورىدىڭ قاراڭغۇلۇق بىلەن ھەممىمىزنى.
20 ئەگەر بىز خۇدايىمىزنىڭ نامىنى ئۇنتۇغان بولساق،
يات ئىلاھقا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغان بولساق،
21 خۇدا بايقىماي قالارمۇ بۇنى؟
شۈبھىسىزكى، ئۇ بىلەر ئىنسان قەلبىدىكى سىرلارنى.
22 سەن تۈپەيلى كۈن بويى قىرىلماقتىمىز،
سويۇلىدىغان قويدەك ھېسابلانماقتىمىز.

23 ئويغانغىن، ئى پەرۋەردىگار! ئۇخلاپ ياتىسەن نېمىشقا؟
يېنىمىزغا كەلگىن، تاشلىۋەتمىگىن بىزنى مەڭگۈگە!
24 نېمىشقا يوشۇرىسەن ئۆزۈڭنى؟
نېمىشقا ئۇنتۇيسەن كۈلپەت ۋە ئېزىلىشلىرىمىزنى؟
25 باستۇرۇلدۇق تۇپراق ئۈستىگە،
تېنىمىز بۇلاندى چاڭ-تۇپراققا.
26 كەلگىن، بىزگە ياردەم قىلغىن،
ئۆزگەرمەس مۇھەببەت بولغاچ سەندە بىزنى ئازاد قىلغىن.

## 45ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ «نىلۇپەرلەر» دېگەن ئاھاڭدا ئېيتىلسۇن دەپ،
كوراھنىڭ ئەۋلادلىرى يازغان مۇھەببەت ماسقىلى

1 ئۇرغۇتماقتا گۈزەل بىر ئىش قەلبىمنى،
ئوقۇماقتىمەن پادىشاھقا ئاتاپ شېئىرىمنى.
تىلىم گويا ماھىر بىر يازغۇچىنىڭ قەلىمى.
2 ئەڭ كېلىشكىنىسەن ئىنسانلار ئارىسىدا،
لەۋلىرىڭ تولغاندۇر شەپقەتلىك سۆزلەرگە،
مەڭگۈلۈك بەخت ئاتا قىلغاندۇر خۇدا ساڭا.

3 ئى باھادىر پادىشاھ، ئاسقىن يېنىڭغا قىلىچىڭنى،
ئايان قىلغىن شانۇشەۋكىتىڭ ۋە ھەيۋىتىڭنى.
4 ئات ئۈستىدە ھەشەمەت بىلەن زەپەرگە ئاتلانغىن،
ھەقىقەت، كەمتەرلىك ۋە ئادالەتنى ياقلىغىن،
ئوڭ قولۇڭ بىلەن غايەت زور ئىشلارنى كۆرسەتكىن.
5 ئى پادىشاھ، ئۆتكۈردۇر ئوقلىرىڭ،
سانجىلار يۈرىكىگە رەقىبلىرىڭنىڭ،
خەلقلەر يىقىلار ئاستىغا ئاياغلىرىڭنىڭ.
6 ئى خۇدا، سېنىڭ تەختىڭ مەڭگۈلۈكتۇر،
سەلتەنەت ھاساڭ ئادالەت ھاسىسىدۇر.
7 ناھەقلىقتىن نەپرەتلىنىسەن، سۆيىسەن ھەققانىيەتنى،
شۇڭا پەرۋەردىگار ـــ سېنىڭ خۇدايىڭ ساڭا ياغدۇردى شادلىقنى،
ھەمراھلىرىڭدىن كۆرە زىيادە شادلاندۇردى سېنى.
8 ھىدى كېلەر كىيىملىرىڭدىن مۇرمەككىنىڭ،
شۇنداقلا مۇئەتتەر ۋە دارچىنىنىڭ.

يېقىملىق ياڭراپ خۇرسەن قىلار سېنى،
پىل چىشىدا بېزەلگەن سارايلاردىكى تارلىق سازلار ساداسى.
9 شاھ قىزلىرى باردۇر ئىززەتلىكلىرىڭنىڭ ئارىسىدا،
ئوفىر ئالتۇنىدا بېزەلگەن مەھبۇبىڭ تۇرار ئوڭ قول تەرىپىڭدە.

10 تىڭشا ئەي قىز، سەپ سال، سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن،
ئۆز خەلقىڭ ۋە ئاتاڭنىڭ ئۆيىنى ئۇنتۇپ قالغىن.
11 پادىشاھ گۈزەللىكىڭگە مەپتۇن بولۇر،
ئىتائەت قىل ئۇنىڭغا، چۈنكى ئۇ سېنىڭ خوجايىنىڭدۇر.
12 ئېلىپ كېلەر تىر خەلقى ساڭا ھەدىيىلەر،
ئىستەر ئىلتىپات سەندىن ئۇ پۇلدارلار.

13 نەقەدەر جىلۋە قىلار مەلىكە ھۇجرىدا،
كەشتىلەنگەندۇر كىيىملىرى زەر ئالتۇندا.
14 پادىشاھ ئالدىغا كەلتۈرىلىدۇ ئۇ كەشتىلىك كىيىملىرىدە،
ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىنىدۇ كېنىزەكلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە.
15 باشلاپ كېلىنىدۇ ھەممەيلەن خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە،
كىرىشىدۇ ئۇلار پادىشاھ سارىيىنىڭ ئىچىگە.

16 ئوغۇللىرىڭ باسىدۇ پادىشاھلىق ئورنىنى ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ،
سەن قىلىسەن ئۇلارنى شاھزادىلىرى پۈتكۈل جاھاننىڭ.
17 ئەستە تۇتقۇزىمەن نامىڭنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە،
شۇڭا ماختىشار سېنى خەلقلەر ئەبەدىلئەبەدكىچە.

## 46_كۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، «ئالاموت» ئاھاڭدا ئېيتىلسۇن دەپ، كوراھنىڭ ئەۋلادلىرى يازغان كۈي

خۇدا بىزنىڭ باشپاناھىمىز ۋە كۈچ-قۇدرىتىمىزدۇر، 1
كۈلپەتتە قالغىنىمىزدا ھەر قاچان ياردەمچىمىزدۇر.
قورقمايمىز بىز شۇڭا، 2
يەر-زېمىن ئاستىن-ئۈستىن بولۇپ كەتسىمۇ،
تاغلار دېڭىزلارنىڭ تەگلىرىگە غۇلاپ چۈشسىمۇ،
دېڭىز دولقۇنلىرى شاۋقۇنلىنىپ قايناپ تاشسىمۇ، 3
تاغلار قاينام-تاشقىنلاردىن سىلكىنىپ كەتسىمۇ.

سېلاھ

باردۇر بىر دەريا، 4
ئۇنىڭ ئېقىنلىرى شادلىق ئېلىپ كېلەر خۇدانىڭ شەھرىگە،
بۈيۈك خۇدانىڭ مۇقەددەس ماكانىغا.
خۇدا شۇ شەھەردە بولغاچ تەۋرەنمەس ئۇ ماكان ئەسلا، 5
كېلەر خۇدا ياردەمگە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا.
دۇنيانى بېشىغا كىيىپ غوۋغا كۆتۈردى خەلقلەر، 6
غۇلاپ چۈشتى پادىشاھلىقلار.
كۆتۈرۈلگەندە خۇدانىڭ ئاۋازى،
ئېرىپ كېتەر يەر يۈزى.
قۇدرەت ئىگىسى پەرۋەردىگار بىز بىلەن بىللىدۇر، 7
ياقۇپ ئېتىقاد قىلغان خۇدا ئىستىھكامىمىزدۇر.

سېلاھ

8 كېلىپ كۆرۈڭلار پەرۋەردىگارنىڭ كارامەتلىرىنى،
يەر يۈزىدە قانداق ۋەيرانچىلىق ئېلىپ بارغانلىقىنى.
9 ئۇدۇر توختاتقۇچى پۈتكۈل دۇنيادىكى ئۇرۇشلارنى،
سۇندۇرغۇچى ئوقيالارنى، ئوشتۇغۇچى نەيزىلەرنى،
ئوتتا كۆيدۈرگۈچى جەڭ هارۋىلىرىنى.
10 دەيدۇكى ئۇ: «توختىتىش ئۇرۇشلىرىڭلارنى،
بىلىپ قويۇڭلار مېنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىمنى.
بارلىق ئەل-مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇلۇغلىنىمەن،
پۈتكۈل يەر يۈزىدە ئۇلۇغلىنىمەن.»
11 قۇدرەت ئىگىسى پەرۋەردىگار بىز بىلەن بىللىدۇر،
ياقۇپ ئېتىقاد قىلغان خۇدا ئىستىھكامىمىزدۇر.

سېلاھ

## 47ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ، كوراھنىڭ ئەۋلادلىرى يازغان كۈي

1 ئەي بارلىق خەلقلەر، چاۋاك چېلىڭلار،
خۇداغا خۇش ئاۋازلىرىڭلارنى ياڭرىتىڭلار!
2 بۈيۈك پەرۋەردىگار هەيۋەتلىكتۇر،
ئۇ پۈتكۈل جاهانغا هۆكۈمدار ئۇلۇغ پادىشاھتۇر.
3 باش ئەگدۈردى ئۇ خەلقلەرنى بىزگە،
ئەل-مىللەتلەرنى ئايىغىمىز ئاستىغا.
4 ئۇ بىز ئۈچۈن نېسۋە قىلىپ تاللىدى زېمىننى،
ئۆزى سۆيگەن ياقۇپنىڭ پەخرى بولغان يەرنى.

سېلاھ

5 ھۆكۈم سۈرۈشكە تەختكە چىقتى خۇدا شادلىق چۇقانلىرى ئارا،
ئۆز ئورنىغا چىقتى پەرۋەردىگار بۇرغا* ئاۋازى ئىچرە.
6 كۈيلەڭلار خۇدانى، ياڭرىتىڭلار نەغمە-ناۋا!
كۈيلەڭلار ئۇ پادىشاھىمىزنى، ياڭرىتىڭلار نەغمە-ناۋا!
7 چۈنكى پۈتكۈل جاھاننىڭ پادىشاھىدۇر خۇدا.
كۈيلەڭلار ئۇنى غەزەل ئېيتىش بىلەن بىرلە.
8 ھۆكۈم سۈرمەكتە خۇدا ئەل-مىللەتلەر ئۈستىدە،
ئولتۇرماقتا ئۇ ئۆز مۇقەددەس تەختىدە.
9 يىغىلىشىپ ھۆكۈمدارلىرى جاھاندىكى خەلقلەرنىڭ،
قوشۇلدۇ خەلقىگە ئىبراھىم ئېتىقاد قىلغان خۇدانىڭ،
بەرھەق، تەۋەدۇر خۇداغا پادىشاھلىرى يەر-جاھاننىڭ،
ھەممىدىن ئالىيدۇر خۇدا!

## 48-كۈي

كوراھنىڭ ئەۋلادلىرى يازغان كۈي

1 ئۇلۇغدۇر پەرۋەردىگار!
ئۇ لايىقتۇر كۆپلىگەن مەدھىيىلىنىشكە،
ئۇنىڭ مۇقەددەس تېغىدا،
خۇدايىمىزنىڭ شەھرىدە.
2 سىئون تېغى كۆركەم تۇرغاندۇر،
ئۇ پۈتكۈل جاھاننىڭ شادلىقىدۇر.

---

* بۇرغا ــ قوچقار قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسالغان، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان قەدىمىي چالغۇ ئەسۋاب.

سافون تېغىنىڭ چوققىلىرىدەك ھەيۋەتلىكتۇر،
ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ شەھىرىدىدۇر.
3 خۇدا ئۇ شەھەرنىڭ قەلئەلىرىدە تۇرىدۇ،
ئۆزىنىڭ ئىستىھكام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

4 مانا، پادىشاھلار قوشۇنلىرىنى بىر يەرگە يىغىشتى،
بىللە ئالغا قاراپ ئۇرۇش قىلىشقا مېڭىشتى.
5 لېكىن ئۇلار بۇ شەھەرنى كۆرۈپلا ئالاقزادە بولۇشتى،
ۋەھىمىگە چۈشۈپ شۇئان بەدەر قېچىشتى.
6 ئۇ يەردە ئۇلارنى تىترەك باستى،
ئۇلار تولغاق يېگەن ئايال كەبى قىينالدى.
7 خۇدا سەن شەرق شاملى بىلەن،
«تارشىشنىڭ كېمىلىرى»نى* قىلدىڭ ۋەيران.
8 كۆرگىنىمىز بولدى خۇددى ئاڭلىغىنىمىزدەكلا،
قۇدرەت ئىگىسى پەرۋەردىگارنىڭ شەھىرىدە،
يەنى خۇدايىمىزنىڭ شەھىرىدە.
خۇدا مۇستەھكەم قىلار بۇ شەھەرنى مەڭگۈگە.

سېلاھ

9 ئى خۇدا، مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭدا،
چوڭقۇر ئويلاندۇق ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ ھەققىدە.
10 ئى خۇدا، ساڭا بېغىشلانغان مەدھىيىلەر خۇددى نامىڭدەكلا،
يېتىپ بارغاندۇر يەر يۈزىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە.

---

* تارشىش ــ شەھەر ئىسمى. «تارشىشنىڭ كېمىلىرى» بۇ دۇنيادىكى ھوقۇقدارلار كۈچىنىڭ سىمۋولى بولۇشى مۇمكىن.

تولغاندۇر ئوڭ قولۇڭ ئادالەتكە.
11 ھەققانىي ھۆكۈملىرىڭدىن سىنىڭ،
خۇش بولسۇن سئون تېغى،
شادلانسۇن يەھۇدىيە شەھەرلىرى.

12 ئەي خۇدانىڭ خەلقلىرى، زىيارەت قىلىڭلار سئوننى،
ئايلىنىپ كۆرۈڭلار ئۇنى،
ساناپ چىقىڭلار مۇنارلىرىنى،
13 كۆزىتىپ چىقىڭلار سېپىل-ئىستىھكاملىرىنى،
كۆزدىن كەچۈرۈڭلار ئۇنىڭ قەلئەلىرىنى،
بايان قىلىش ئۈچۈن كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۇنى.
14 بەرھەق، بۇ خۇدا بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇر مەڭگۈگە،
يېتەكلەر ئۇ بىزنى ئەبەدىلئەبەدكە.

## 49ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ، كوراھنىڭ ئەۋلادلىرى يازغان كۈي

1 ئەي بارلىق خەلقلەر، ياخشى ئاڭلاڭلار،
پۈتكۈل يەر يۈزىدىكىلەر، قۇلاق سېلىڭلار.
2 ئاددىي پۇقرا ياكى ئېسىلزادە بولسۇن،
باي ھەم كەمبەغەل ھەممىسى قۇلاق سالسۇن.
3 چىقار ئاغزىمدىن دانا دۇردانىلەر،
ئۇلار قەلبىمدىكى چوڭقۇر ئويلارنى چۈشەندۈرەر.
4 دىققەت بىلەن ئاڭلايمەن ھېكمەتنى،
لىرا چېلىپ شەرھلەرمەن ئۇنىڭ سىرلىق مەنىلىرىنى.

5 مەن نېمىشقىمۇ قورقۇپ يۈرەي ئېغىر كۈنلەردە،
رەقىبلىرىمنىڭ ياۋۇزلۇقلىرى ئەتراپىمنى قاپلىغاندا؟
6 ئۇلار مال-مۈلۈكلىرىگە ئىشىنەر،
نۇرغۇن بايلىقلىرى بىلەن ماختىنار.
9-7 لېكىن ھېچكىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالماس قېرىندىشىنى،
ئۇنىڭ مەڭگۈ ياشاپ، كۆرمەسلىكى ئۈچۈن گۆر ئازابىنى.
ھېچكىم قېرىندىشىنىڭ جېنى ئۈچۈن خۇداغا تۆلىيەلمەس بەدەلنى.
مۇمكىن ئەمەستۇر ئادەمنىڭ قېرىندىشى ئۈچۈن بەدەل تۆلىشى،
شۇنچە قىممەتتۇر ئىنسان جېنىنىڭ باھاسى.
10 بىلىمىز دانىشمەننىڭمۇ ئۆلىدىغانلىقىنى،
ئەخمەق ۋە ھاماقەتلەرنىڭ ئوخشاشلا جېنىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى،
ئۇلار ھامان قالدۇرۇپ كېتەر باشقىلارغا مال-دۇنيالىرىنى.
11 گەر نام قىلىپ بەرسىمۇ ئۆز ناملىرىنى يەرلىرىگە،
ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى ئۆيى بولۇپ قالار مەڭگۈگە،
تۇرالغۇ جايىدۇر شۇ قەبرىلەر نەسىلدىن-نەسىلگە.
12 بايلىقى بولسىمۇ مەڭگۈ ياشاۋەرمەس ئىنسان،
ھايۋان كەبى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ ھامان.
13 مانا بۇ ئاقىۋىتىدۇر ئەخمەقلەرچە ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنگەنلەرنىڭ،
ئۇلارغا ئەگىشىپ سۆزلىرىگە قايىل بولغانلارنىڭ.

سېلاھ

14 ئۆلۈم ئۇلارنىڭ پادىچىسى بولار،
ئۇلار قويلار كەبى ئۆلۈكلەر دىيارىغا ھەيدىلەر،
شۇ ھامان قاراڭغۇ گۆرگە يول ئالار،
جەسەتلىرى ئۆلۈكلەر دىيارىدا چىرىپ كېتەر،
ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىدىن ئۇلار يىراقتا قالار.

15 ۋەھالەنكى، خۇدا مېنى ئۆز يېنىغا تاتار،
بەدەل تۆلەپ جېنىمنى ئۆلۈكلەر دىيارىنىڭ كۈچىدىن قۇتقۇزار.
سېلاھ

16 بىسەرەمجان بولما، بىرەرسى بېيىپ كەتكەندە،
ئائىلىسىنىڭ مال-مۈلكى كۆپەيگەندە،
17 چۈنكى ئۇ ئۆلگەندە ھېچ نەرسىسىنى ئېلىپ كەتمەيدۇ،
مال-مۈلكى ئۇنىڭ كەينىدىن بارمايدۇ.
18 ھايات چېغىدا ئۇ ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىغان بولسىمۇ،
روناق تاپقىنىدا كىشىلەر ئۇنى ماختىسىمۇ،
19 ئۇ يەنىلا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا كېتىدۇ،
ئۇلار مەڭگۈ يورۇقلۇقنى كۆرەلمەيدۇ.
20 چۈشەنمەس بايلىقى بار ئىنسان شۇنى،
ھايۋان كەبى ھامان ئۆلۈپ تۈگەيدىغانلىقىنى.

## 50-كۈي

ئاساف يازغان كۈي

1 قادىر خۇدا — پەرۋەردىگار خىتاب قىلىپ، چاقىردى ھەممىنى،
مەشرىقتىن مەغرىبقىچە بولغان يەر يۈزىدىكىلەرنى.
2 خۇدانىڭ پارلاق نۇرى جۇلالىدى سىئوندىن،
گۈزەللىكنىڭ كامالىتى بولغان ماكاندىن.
3 سۈكۈت قىلماس خۇدايىمىز، ئۇ كەلمەكتە،
ئۇنىڭ ئالدىدا دەھشەتلىك ئوت يالماپ تۇرماقتا،
ئەتراپىدا بولسا كۈچلۈك بوران-چاپقۇن ھۇۋلىماقتا.

4 ئۇ چاقىرىپ ئاسمان بىلەن زېمىننى گۇۋاھلىققا،
دەيدۇكى تارتىش ئۈچۈن ئۆز خەلقىنى سوراققا:
5 «ھۇزۇرۇمغا يىغىپ كېلىڭلار سادىق خەلقىمنى،
مەن بىلەن قۇربانلىق ئارقىلىق ئەھدە تۈزگەنلەرنى.»
6 كۆرستەر ئەرش خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىنى،
بەرھەق، خۇدا سوتچىدۇر ئۆزى.

سېلاھ

(خۇدا دەيدۇكى:)
7 — ئەي خەلقىم، ئاڭلا، مەن سۆزلەيمەن،
ئەي ئىسرائىل، ساڭا قارشى شىكايەت قىلىمەن،
مەن خۇدادۇرمەن، سېنىڭ خۇدايىڭدۇرمەن.
8 ئەيىبلىمەيمەن سېنى قۇربانلىقلىرىڭ ئۈچۈن،
داۋاملىق ماڭا ئاتىغان كۆيدۈرمە قۇبانلىقلىرىڭ ئۈچۈن.
9 ۋەھالەنكى، لازىم ئەمەستۇر ماڭا ئېغىلىڭدىكى بۇقاڭ،
ياكى قوتىنىڭدىكى ئۆچكىلىرىڭ.
10 چۈنكى مېنىڭكىدۇر ئورمانلاردىكى بارلىق ھايۋانلار،
مىڭلىغان سەھرالاردىكى مال-ۋارانلار.
11 بىلىمەن ھەر بىر ئۇچارقاناتنى تاغلاردىكى،
مېنىڭكىدۇر جىمىكى جانىۋارلار دالادىكى.
12 سورىماسمەن سەندىن قورسىقىم ئاچىدىغان بولسىمۇ،
چۈنكى تەۋەدۇر ماڭا بۇ دۇنيا ۋە ئۇنىڭغا تولغانلىرىمۇ.
13 ئەجىبا، بۇقىنىڭ گۆشىنى يەيمەنمۇ؟
ئۆچكىلەر قېنىنى ئىچىمەنمۇ؟
14 قۇربانلىق سۈپىتىدە شۈكۈرلەرنى ئاتىغىن ماڭا،
ۋاپا قىل بەرگەن ۋەدەڭگە ماڭا — بۈيۈك خۇداغا.

15 چاقىر مېنى ھەر ۋاقىت كۈن چۈشكەندە بېشىڭغا،
قۇتقۇزىمەن سېنى، شان-شۆھرەت كەلتۈرسەن ماڭا.

16 ئەمما خۇدا دەيدۇكى رەزىللەرگە:
ــ نېمە ھەققىڭ بار بايان قىلىشقا پەرمانلىرىمنى؟
نېمە ھەققىڭ بار تىلغا ئېلىشقا ئەھدەمنى؟
17 ئۆچ كۆرىدىغان تۇرساڭ تەلىملىرىمنى،
رەت قىلىدىغان تۇرساڭ سۆزلىرىمنى.
18 ئوغرىنى كۆرسەڭ، دوستلىشىسەن ئۇنىڭ بىلەن،
ئارىلىشىسەن ھەم زىناخورلار بىلەن.
19 تارتمايسەن پاسىق گەپلەر قىلىشتىن تىلىڭنى،
تىلىڭ توقۇپ چىقىدۇ يالغانچىلىقلارنى.
20 ئولتۇرۇۋېلىپ قېرىندىشىڭنى قارىلايسەن،
بىر قورساق تۇغقىنىڭغا تۆھمەت چاپلايسەن.
21 مەن سۈكۈت قىلدىم قىلغىنىڭدا بۇ ئىشلارنى،
شۇڭا ئۆزۈڭگە ئوخشاش دەپ ئويلىدىڭ مېنى.
بىراق مەن چوقۇم ئەيىبلەيمەن سېنى،
ئالدىڭغا قويىمەن قىلمىشلىرىڭنى.
22 ئەي خۇدانى ئۇنتۇغانلار، ئەمدى ياخشى ئويلاڭلار بۇنى،
بولمىسا بىتچىت قىلىۋېتىمەن ھەممىڭلارنى،
ئۇ چاغدا ھېچكىم قۇتقۇزالماس سىلەرنى.
23 مېنى ئۇلۇغلىغانلاردۇر ماڭا قۇربانلىق سۈپىتىدە شۈكۈر قىلغانلار،
ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرىگە نىجاتلىقىمنى كۆرسىتىشكە يول ھازىرلار.

## 61ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ، تارلىق ساز تەڭكىشىدە ئېيتىلسۇن دەپ،
داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى خۇدا، داد-پەريادىمغا قۇلاق سالغايسەن،
مېنىڭ دۇئايىمنى قوبۇل قىلغايسەن.
2 چۈشكۈنلەشكەندە قەلبىم، قىلارمەن ئىلتىجا زېمىننىڭ ئۇ چېتىدىن ساڭا،
يېتەكلىگەيسەن مېنى، ئېگىزدىكى پاناھلىنىدىغان قىيا تاشقا.
3 شۈبھىسىزكى، سەن مېنىڭ باشپاناھىم،
دۈشمىنىمدىن قوغدايدىغان مۇستەھكەم سېپىلىم.
4 چېدىرىڭنى تائەبەدكە ماكان قىلارمەن،
قاناتلىرىڭ سايىسىدا پاناھ تاپارمەن.

سېلاھ

5 ئى خۇدا، ئاڭلىدىڭ سەن قەسەملىرىمنى،
بەردىڭ ماڭا، نامىڭدىن ئەيمەنگەنلەرگە ئاتىغان بەختنى.
6 ئۇزارتىسەن پادىشاھنىڭ ئۆمرىنى،
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ تەختىنى.
7 ئى خۇدا، مەڭگۈ ھۆكۈم سۈرەر ئۇ ئالدىڭدا سېنىڭ،
قوغدىغاي ئۇنى مېھىر-مۇھەببىتىڭ ۋە ساداقىتىڭ.
8 مەڭگۈ قىلاي نەغمە-ناۋا سېنىڭ نامىڭغا،
بەرگەن قەسەملىرىمنى كۈندە ئېتەي ئادا.

## 70ـكۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ،
خاتىرىلەش يۈزىسىدىن داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى خۇدايىم، مېنى قۇتقۇزغىن،
ئى پەرۋەردىگار، ماڭا تېزرەك ياردەم بەرگىن!
2 جېنىمنى ئالماقچى بولغانلار،
شەرمەندە بولۇپ، يەرگە قاراپ قالسۇن.
جەبىر-جاپايىمدىن خۇش بولغانلار،
ئارقىسىغا ياندۇرۇلۇپ، رەسۋاچىلىقتا قالسۇن.
3 «ھى، ھى» دەپ مېنى مەسخىرە قىلغانلار،
شەرمەندىلىكىدىن كەينىگە قايتسۇن.
4 ھەممە ساڭا تەلپۈنگۈچىلەر،
سەندىن خۇشال بولۇپ شادلانسۇن.
نىجاتلىقىڭنى سۆيگەنلەر،
ھەمىشە «خۇدا ئۇلۇغدۇر!» دېسۇن.
5 مەنكى بىر موھتاجمەن، بىچارىمەن،
ئى خۇدا، يېنىمغا تېز كەلگەيسەن!
سەن مېنىڭ ياردەمچىم، قۇتۇلدۇرغۇچىمسەن،
ئى پەرۋەردىگار، ھايال بولمىغايسەن!

# 93ـكۈي

1 پەرۋەردىگار ھۆكۈمراندۇر،
ھەيۋەت ئۇنىڭ يېپىنچىسى.
قۇدرەت پەرۋەردىگارنىڭ كەمىرىدۇر،
جاھان مەزمۇت قىلىنغان، ئۇ تەۋرەنمەس قەتئىي.
2 ئەزەلدىنلا مۇستەھكەمدۇر تەختىڭ،
ئەبەدىي مەۋجۇتتۇرسەن ئۆزۈڭ.

3 ئى پەرۋەردىگار، دېڭىز سۇلىرى شارقىرىماقتا،
دېڭىز سۇلىرى شاۋقۇن كۆتۈرمەكتە،
دېڭىز دولقۇنلىرى گۈلدۈرلىمەكتە.
4 بۈيۈكتىكى پەرۋەردىگار ھەيۋەتلىكتۇر،
ئۇلۇغ سۇلارنىڭ گۈلدۈرلەشلىرىدىن،
دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك ئۇرۇلۇشلىرىدىن.

5 ئى پەرۋەردىگار، پەرزلىرىڭ تامامەن ئۆزگەرمەستۇر،
مۇقەددەسلىك ئۆيۈڭگە مەڭگۈ زىننەتتۇر.

## 100ـكۈي

شۈكۈر ئېيتىش كۈيى

1 ئەي پۈتكۈل جاھاندىكى ئىنسانلار،
پەرۋەردىگارغا ياڭرىتىڭلار ئالقىشلار!
2 خۇشاللىق بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار ئۇنىڭغا،
شادلىق ناخشىسى ئېيتىپ كېلىڭلار ئۇنىڭ ئالدىغا.
3 بىلىڭلاركى، پەرۋەردىگار ـــ ھەق خۇدادۇر،
ئۇ بىزنى ياراتتى، بىز ئۇنىڭكىدۇرمىز.
بىز ئۇنىڭ خەلقى، ئۆز يايلىقىنىڭ قويلىرىدۇرمىز.
4 كىرىڭلار ئۇنىڭ دەرۋازىلىرىدىن شۈكۈرلەر ئېيتىپ،
مەرھەمەت قىلىڭلار ھويلىلىرىغا مەدھىيىلەر ئوقۇپ،
تەرىپلەڭلار نامىنى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.
5 چۈنكى شاپائەتلىكتۇر پەرۋەردىگار،
مەڭگۈلۈكتۇر ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى،
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشار ساداقىتى.

## 117ـكۈي

1 مەدھىيىلەڭلار بارچە مىللەتلەر پەرۋەردىگارنى،
ئۇلۇغلاڭلار پۈتكۈل خەلقلەر ئۇنى!
2 بۈيۈكتۇر ئۇنىڭ بىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتى،
تائەبەدكىدۇر پەرۋەردىگارنىڭ ۋاپادارلىقى،
پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇيلى!

## 121-كۈي

يۇقىرىغا چىقىش كۈيى*

1 كۆزلىرىمنى تىكىمەن تاغلارغا،
قەيەردىن كېلۇر ياردەم ماڭا؟
2 پەقەت پەرۋەردىگاردىن ياردەم كېلۇر،
ئۇ ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر.

3 ئۇ پۇتلىرىڭنى تېيىلىشتىن ساقلايدۇ،
سېنى قوغدىغۇچى ھېچ مۈگدىمەيدۇ.
4 بىلگىنكى، ئىسرائىلنى قوغدىغۇچى،
مۈگدىمەس يا ئۇخلىماس زادى.

5 پەرۋەردىگار سېنىڭ قوغدىغۇچىڭدۇر،
پەرۋەردىگار ئوڭ يېنىڭدا ساڭا سايىۋەندۇر.
6 زەرەر يەتكۈزەلمەس ساڭا قەتئىي،
ئاي ۋە قۇياش كېچە-كۈندۈزى.

7 پەرۋەردىگار ساقلار بارلىق يامانلىقتىن سېنى،
ئۇ ئامان ساقلار جېنىڭنى.
8 قوغدار پەرۋەردىگار يۈرۈش-تۇرۇشۇڭنى،
ھازىردىن تائەبەدكىچە سېنى.

* يۇقىرىغا چىقىش كۈيى — زەبۇردا مۇشۇنداق ماۋزۇدىكى كۈيدىن 15ى بار بولۇپ، بۇ ماۋزۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۈچ خىل چۈشەندۈرۈش مەۋجۇت. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1. بۇ ھېيت مەزگىلىدە، ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانا ھويلىسىغا چىقىشتا، ئۇ يەردىكى 15 پەلەمپەيىنىڭ ھەر بىرىدە توختاپ ئېيتقان بىر كۈيى. 2. يېرۇسالېمغا تاۋاپ قىلىش يولىدا ئېيتىلغان كۈي. 3. بۇ ئىسرائىللار بابىلون ئىمپېرىيىسىدىكى تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ چېقىپ يېرۇسالېمغا قايتىپ بارغاندا قۇتۇلغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئېيتقان كۈي ئىدى.

## 123-كۈي

يۇقىرىغا چىقىش كۈيى

1 تەلمۈرۈپ ساڭا كۆزلىرىمنى تىكىمەن،
ئى ئەرشتىكى تەختتە ئولتۇرغۇچى!
2 خوجايىنىنىڭ قولىغا قارىغان قۇللارنىڭ كۆزلىرى كەبى،
ئايال خوجايىنىنىڭ قولىغا قارىغان دىدەكنىڭ كۆزلىرى كەبى،
تاكى پەرۋەردىگار بىزگە شەپقىتىنى كۆرسەتكىچە،
كۆزلىرىمىز تىكىلگەندۇر خۇدايىمىز پەرۋەردىگارغا.

3 ئى پەرۋەردىگار، شەپقەت قىل، شەپقەت قىل بىزگە،
چۈنكى تارتقان خورلۇقىمىز يېتىپ ئاشار شۇنچە.
4 باغرى تاشلارنىڭ مازاقلىرىغا قالدۇق تولىمۇ،
هاكاۋۇرلارنىڭ خورلۇقىنى تارتتۇق خويمۇ.

## 125-كۈي

يۇقىرىغا چىقىش كۈيى

1 ئىشەنچىنى پەرۋەردىگارغا باغلىغانلار ئوخشار سىئون تېغىغا،
تەۋرەنمەس، مەزمۇت تۇرار ئۇ تاغ مەڭگۈگە.
2 تاغلار قورشاپ تۇرغاندەك يېرۇسالېمنى،
پەرۋەردىگار قورشاپ تۇرار ئۆز خەلقىنى،
مۇداپىئە قىلار هازىردىن تائەبەدكىچە ئۇلارنى.
3 بولىۋەرمەس هۆكۈمرانلىق هاسىسى پاسىقلاردا،
هەققانىيلارغا نېسىۋە قىلىنغان زېمىندا،
ناهەقچىلىق قىلار هەققانىيلار ئۇنداق بولمىسا.

4 ئى پەرۋەردىگار، قىلغايسەن ياخشىلىق دائىما،
ياخشىلارغا ۋە قەلبى پاكلارغا.
5 كىرىپ كەتكەنلەرنى ئەگرى يوللارغا،
پەرۋەردىگار جازالار رەزىللەر بىلەن بىرگە.
تىنچ-ئامانلىق بولغاي ئىسرائىلغا!

## 126ـكۈي

يۇقىرىغا چىقىش كۈيى

1 پەرۋەردىگار سىئونغا قايتۇرۇپ كەلگەندە سۈرگۈن قىلىنغانلارنى،
چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ قالغان ئىدۇق خۇددى.
2 شۇندا ئاغزىمىز يەتتى قۇلىقىمىزغا، چۇقانلار كۆتۈردۇق شادلىقتا،
مۇنداق گەپلەر ئېيتىلدى يات ئەللەر ئارىسىدا:
«پەرۋەردىگار زور ئىشلار قىلدى ئۇلارغا.»
3 پەرۋەردىگار زور ئىشلار قىلدى بىز ئۈچۈن دەرۋەقە،
چۆمدۇق بىز مانا خۇشال-خۇراملىققا شۇنچە!

4 روناقلىقىمىزنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ بەرگىن، ئى پەرۋەردىگار،
خۇددى توساتتىن تولدۇرۇلغاندەك سۇلارغا جەنۇبتىكى قۇرۇق ئېرىقلار.
5 يىغلاپ يۇرۇپ ئۇرۇق چاچقانلار شادلىق چۇقانلىرى بىلەن هوسۇل يىغار.
6 ئۇرۇق خالتىسىنى يۈدۈپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئۇرۇق تېرىشقا چىققان كىشى،
شادلىق چۇقانلىرىدا قايتىپ كېلەر، ئورىغان باغلاملىرىنى كۆتۈرگەن پېتى.

# 127_كۈي

سۇلايمان يازغان يۇقىرىغا چىقىش كۈيى

1 ئۆينى ئۆزى سالمىسا پەرۋەردىگار،
ئۆي سالغۇچىلارنىڭ ئەجرى بىكارغا كېتەر.
شەھەرنى ئۆزى قوغدىمىسا پەرۋەردىگار،
قاراۋۇللارنىڭ ئويغاق تۇرغىنى بىھۇدە بولار.
2 بىكاردۇر سەھەر تۇرۇپ كەچ ياتقىنىڭلار،
نان ئۈچۈن جاپا چەككىنىڭلار.
شۈبھىسىزكى، ئۆز سۆيگەنلىرىگە پەرۋەردىگار،
ئۇيقۇدا ياتقاندىمۇ بېرەر.

3 بالىلار پەرۋەردىگار بەرگەن سوغاتتۇر،
پەرزەنتلەر ئۇنىڭدىن كەلگەن ئىلتىپاتتۇر.
4 تاپقان ئوغۇللىرى ئادەمنىڭ ياشلىقىدا،
ئوخشار پالۋاننىڭ قولىدىكى ئوقلىرىغا.
5 بەختلىكتۇر سادىقىنى تولدۇرغان كىشى مۇشۇنداق ئوقلار بىلەن،
چۈنكى يېڭىلىپ شەرمەندە بولماس مۇنازىرىلەشكەندە،
قارشىلاشقانلىرى بىلەن شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا. *

* ئەينى چاغلاردا كىشىلەر ھەق-ناھەقنى ئايرىشتا شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا قارشىلاشقانلىرى بىلەن خەلقئالەم ئالدىدا مۇنازىرىلىشەتتى. ماجىرالار شۇ يەردە ھەل قىلىنىپ، ھۆكۈم چىقىرىلاتتى.

## 128ـكۈي

يۇقىرىغا چىقىش كۈيى

1 نەقەدەر بەختلىكسىلەر پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنگەنلەر،
ئۇنىڭ يولىدا ماڭغانلار.
2 بەرھەق، ئۆز مېھنىتىڭنىڭ مېۋىسىنى يەيسەن،
بەختىيار بولۇپ، روناق تاپىسەن.

3 ئايالىڭ مول مېۋە بەرگەن ئۈزۈم تېلىغا ئوخشار ئۆيۈڭدە،
باللىرىڭ زەيتۇن دەرىخىنىڭ شاخلىرىدەك كۆپ بولار يېنىڭدا،
ئۇلار داستىخىنىڭنى چۆرىدەپ ئولتۇرار ئەتراپىڭدا.
4 مانا، پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنگەن كىشى شۇنداق بەرىكەت تاپار.
5 پەرۋەردىگار سىئوندىن ساڭا بەخت ئاتا قىلار،
كۆرسەن ئۆمرۈڭ بويى يېرۇسالېمنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى،
6 كۆرسەن ھەم پەرزەنتلىرىڭنىڭ پەرزەنتلىرىنى.
ئىسرائىلغا تىنچ-ئامانلىق بولغاي!

## 131ـكۈي

داۋۇت يازغان يۇقىرىغا چىقىش كۈيى

1 ئى پەرۋەردىگار، كۆڭلۈمدە تەكەببۇرلۇق يوقتۇر،
نەزىرىم ھەم ئۈستۈن ئەمەستۇر.
مەن ئۇچۇن غايەت زور بولغان ئىشلارغا ئارىلاشمىدىم،
قۇدرىتىم يەتمەيدىغان ئىشلارغا كىرىشمىدىم.

2 بەرھەق، ئۆزۈمنى تىنچلاندۇرۇپ، كۆڭلۈمنى تىندۇردۇم،
ئانا قۇچىقىدا سۈتكە تويۇنغان بالىدەك تىنچ بولدۇم.
مەن بەئەينى ئاشۇ بالىدەك ئارام تاپتىم.
3 ئەي ئىسرائىللار، ھازىردىن تائەبەدكە ئۈمىد باغلاڭلار پەرۋەردىگارغا.

## 133ـكۈي

يۇقىرىغا چىقىش كۈيى

1 قاراڭلار، نەقەدەر كۆڭۈللۈك، نەقەدەر ياخشى،
قېرىنداشلارنىڭ ئىناق-ئىتتىپاقلىقى.
2 بۇ ئىناق-ئىتتىپاقلىق قىممەتلىك ياغدەكتۇر،
بۇ ياغ ھارۇننىڭ بېشىدىن قۇيۇلغاندۇر،
ئۇنىڭ ساقاللىرىدىن ئاققاندۇر،
كىيىملىرىنىڭ ياقىلىرىغىچە تامغاندۇر. *
3 بۇ ئىناق-ئىتتىپاقلىق مول شەبنەمدەكتۇر،
گويا خېرمون تېغىدىكى شەبنەم سىئون تاغلىرىغا چۈشكەندەكتۇر. *
بەرھەق، پەرۋەردىگار سىئوندا ئاتا قىلغانتى،
بەختنى ــ مەڭگۈلۈك ھاياتنى.

---

*2. ھارۇن باش روھانىي قىلىپ تەيىنلەنگەندە، ئۇنىڭ خۇدانىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىشقا ئاجرىتىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بېشىغا ئالاھىدە پۇراقلىق ياغ قۇيۇلغان ئىدى. بۇ خىل ياغ بىر نەچچە خىل پۇراق ئوت-چۆپلەر بىلەن زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسىلاتتى. بۇ يەردە دەل شۇ ياغ كۆرسىتىلىدۇ. تەۋرات «مىسىردىن چىقىش» 30-باب 22-38 ئايەتلەرگە قارالسۇن.
*3. ئوتتۇرا شەرقتە جايلاشقان خېرمون تېغى مول سەبنەملىرى بىلەن داڭلىق ئىدى.

# 138ـكۈي

داۋۇت يازغان كۈي

1 تەشەككۈر ئېيتىمەن چىن قەلبىمدىن ساڭا،
كۈيلەيمەن سېنى يەر يۈزىدىكى ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىدا.
2 سەجدە قىلىمەن قاراپ مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭغا،
شۈكۈر ئېيتىمەن مېھىر-مۇھەببىتىڭ، ساداقىتىڭ ئۈچۈن نامىڭغا،
نامىڭ ۋە سۆزۈڭنى يۈكسەلدۈردۈڭ، قىلىپ ئۇلارنى ھەممىدىن ئەلا.
3 بەردىڭ جاۋاب ماڭا، نىدا قىلغان ۋاقتىمدا ساڭا،
قىلدىڭ مېنى جەسۇر، بېرىپ كۈچ-قۇۋۋەت جېنىمغا.

4 ئېيتار ساڭا ئاپىرىن جاھاندىكى بارلىق شاھلار،
ئاڭلىغاچ ئۇلار ئېيتقان سۆزۈڭنى، ئى پەرۋەردىگار.
5 ئۇلار كۈيلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى،
ئۇلۇغ بولغاچ ئۇنىڭ شان-شەرىپى.
6 بۈيۈك بولسىمۇ گەرچە پەرۋەردىگار،
ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتقۇچىلارغا غەمخورلۇق قىلار،
ئۇ تەكەببۇرلاردىن يىراق بولار.

7 يۈرسەممۇ گەرچە كۈلپەتلەردە مەن،
مېنى روھلاندۇرىدىغان ئۆزۈڭدۇرسەن.
ئۇزىتىپ قولۇڭنى، توسسەن دۈشمەنلىرىم غەزىپىنى،
قۇتقۇزىدۇ سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ مېنى.
8 پەرۋەردىگار ئەمەلگە ئاشۇرار مەن ھەققىدىكى پىلانىنى،
مەڭگۈلۈكتۇر، ئى پەرۋەردىگار، ئۆزگەرمەس مۇھەببىتىڭ،
تەرك ئەتمىگەيسەن بىزنى، ئۆز قوللىرىڭ بىلەن ياراتقانلىرىڭنى.

## 139‐كۈي

نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئېيتىلسۇن دەپ، داۋۇت يازغان كۈي

1 ئى پەرۋەردىگار، تەكشۈرۈپ كۆردۈڭ قەلبىمنى،
بىلىپ يەتتىڭ مېنى.
2 بىلىسەن ئولتۇرۇپ قوپۇشۇمنى،
چۈشىنىسەن كۆكتە تۇرۇپ مەقسەت-نىيەتلىرىمنى.
3 كۆرۈپ تۇرىسەن يۈرۈش-تۇرۇشۇمنى،
ئېنىق ئۇقىسەن بارلىق ئىشلىرىمنى.
4 ھەتتا ئېغىزدىن چىقارماي تۇرۇپ ئويلىغىنىمنى،
ئى پەرۋەردىگار، بىلىسەن تامامەن ئۇنى.
5 ئالدىمدىنمۇ، ئارقامدىنمۇ مۇھاپىزەت قىلىسەن،
قوغداپ مېنى قولۇڭنى مۈرەمگە قويغاندۇرسەن.
6 بىلىنەر بۇ ھەقىقەتلەر ماڭا تىلسىمات شۇنچە،
يەتمەس ئەقلىم ئۇلارنى بىلىشكە.

7 روھىڭدىن ئايرىلىپ نەگىمۇ باراتتىم؟
ھۇزۇرۇڭدىن چىقىپ قەيەرگىمۇ كېتەلەيتتىم؟
8 ئاسمانغا چىقسامۇ سەن بار ئۇ يەردە،
ئۆلۈكلەر دىيارىغا چۈشسەممۇ سەن بار ئۇ يەردە.
9 پەرۋاز قىلىپ، قاناتلىرى بىلەن سەھەرنىڭ،
تۇتسام ماكان ئەڭ چېتىدە دېڭىزنىڭ،
10 ھەتتا ئۇ يەردە قولۇڭ مېنى يېتەكلەر،
سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ مېنى يۆلەر.
11 قاراڭغۇلۇقتا سەندىن يوشۇرۇنۇۋالاي دەپ ئويلىسامۇ،
ئەتراپىمدىكى يورۇقلۇق تۈنگە ئايلانسۇن دېسەممۇ،

12 تۈن ساڭا قاراڭغۇ كۆرۈنمەس ھەتتا،
كېچە بەئەينى كۈندۈزدەك يورار.
سەن ئۈچۈن قاراڭغۇلۇق يوقتۇر ئەسلا.

13 ھەئە، ياراتقانسەن ئىچكى دۇنيايىمنى،
ياسىغانسەن ئانامنىڭ قورسىقىدا مېنى.
14 ئېيتىمەن ساڭا شۈكۈرلەر،
چۈنكى ئاجايىپ، ئەتراپلىق ياراتتىڭ مېنى.
ئىجادىيىتىڭ ئاجايىپ-غارايىپتۇر،
ياخشى بىلىمەن قەلبىمدە بۇنى.
15 سەن مېنى پىنھان ياراتقىنىڭدا،
ئانامنىڭ قورسىقىدا ماھارەت بىلەن ياسالغىنىمدا، *
ئۇستىخانلىرىم يوشۇرۇن ئەمەس ئىدى سەندىن ئەسلا.
16 كۆرگەندى كۆزلىرىڭ ھامىلە چېغىمدىكى مېنى.
كەلمەي تۇرۇپ بارلىق كۈنلىرىم تېخى،
ئاللىبۇرۇن يېزىلغاندى دەپتىرىڭدە ھەممىسى.

17 ئى خۇدا، ئويلىرىڭ ماڭا نەقەدەر قەدىرلىكتۇر،
ئۇلار شۇنچە سانسىزدۇر.
18 ساناپ تۈگىتەلمەسمەن ئۇلارنى، قۇمدىنمۇ كۆپتۇر ھەتتا،
ئويغانغىنىمدا مەن سېنىڭ ئويلىرىڭدا تۇرارمەن يەنىلا.

19 ئى خۇدا، جۇدا قىلساڭ ئىدى رەزىللەرنى جېنىدىن.
ئەي قانخورلار، يىراقلىشىڭلار مەندىن!

---

* ياكى «يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ياسالغىنىمدا» دەپمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

20 ئى خۇدا، قارا نىيەتتە سۆزلەيدۇ ئۇلار قارشى ساڭا،
ئۇ دۈشمەنلىرىڭ نامىڭنى قالايمىقان ئىلىپ تىلغا.
21 ئى پەرۋەردىگار، ساڭا ئۆچ بولغانلارغا ئۆچ بولمامدىمەن؟
ساڭا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلەردىن يىرگەنمەمدىمەن؟
22 ئۇلارغا ئۆچ بولىمەن چىش-تىرنىقىمغىچە،
ئۇلارنى دۈشمەن ھىسابلايمەن ئۆزۈمگە.

23 تەكشۈرۈپ كۆرگىن، ئى خۇدا، بىلگىن قەلبىمنى،
سىناپ كۆرگىن مىنى، ئۇققىن ئوي-خىيالىرىمنى.
24 كۆرۈپ باققىن مەندە بىرەر يامانلىقنىڭ بار-يوقلۇقىنى،
يىتەكلىگىن مەڭگۈلۈك يولۇڭدا مىنى.

## 149ـكۈي

1 ئوقۇيلى پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا!
ئىيتايلى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ يىڭى بىر ناخشا،
مەدھىيىلەيلى ئۇنى تەقۋادارلار جامائىتى ئارىسىدا.
2 خۇشال بولسۇن ئىسرائىللار* ئۆز ياراتقۇچىسىدىن،
شادلانسۇن سىئوننىڭ پەرزەنتلىرى* ئۆز پادىشاھى بولغان خۇدادىن.
3 مەدھىيىلىسۇن ئۇنىڭ نامىنى ئۇلار ئۇسۇل ئويناپ،
ئالقىش كۈي چالسۇن داپ ۋە لىرادا ئۇنىڭغا ئاتاپ.
4 چۈنكى سۆيۈنەر پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىدىن،
كىيدۈرەر كىچىك-پىئىللارغا تاجىنى نىجاتلىقنىڭ.

---

* ئىسرائىللار ـــ ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى.
* سىئوننىڭ بەرزەنتلىرى ـــ ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ.

5 شادلانسۇن خۇداغا سادىق بولغانلار بۇ شۆھرەتتىن،
ئورۇنلىرىدا ياتقاندا ياڭراتسۇن ناخشا شاد-خۇراملىقتىن.
6 چۈشۈرمەس ئۇلار خۇدانى ئۇلۇغلاشنى ئېغىزلىرىدىن،
قوش بىسلىق قىلىچنى قوللىرىدىن.
7 ئەل-مىللەتلەردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن،
ئۇ خەلقلەرگە جازا بېرىش ئۈچۈن،
8 زەنجىرلەر بىلەن باغلاپ ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى،
تۆمۈر كىشەنلەر بىلەن كىشەنلەپ ئېسىلزادىلىرىنى،
9 ئىجرا قىلىش ئۈچۈن پۈتۈلگەن ھۆكۈمنى ئۇلارغا.
مەنسۇپتۇر بۇ شەرەپ پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق تەقۋادارلىرىغا.
ئوقۇيلى ھەمدۇسانا پەرۋەردىگارغا!

## 150ـكۈي

1 ئوقۇڭلار پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا!
مەدھىيىلەڭلار خۇدانى يەردىكى مۇقەددەس جايىدا،
مەدھىيىلەڭلار ئۇنى قۇدرىتى پارلاپ تۇرىدىغان ئاسماندا.
2 مەدھىيىلەڭلار ئۇنى قۇدرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن،
مەدھىيىلەڭلار ئۇنى چەكسىز ئۇلۇغلۇقى ئۈچۈن.
3 مەدھىيىلەڭلار ئۇنى بۇرغا* ئاۋازى بىلەن،
مەدھىيىلەڭلار ئۇنى چىلتار ھەم لىرا بىلەن.

* بۇرغا ــ قوچقار قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسالغان، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان قەدىمىي چالغۇ ئەسۋاب.

4 مەدھىيىلەڭلار ئۇنى داپ چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ،
مەدھىيىلەڭلار ئۇنى نەي ۋە تارلىق سازلار چېلىپ،
5 مەدھىيىلەڭلار ئۇنى ياڭراق جالالار * ساداسى بىلەن،
مەدھىيىلەڭلار ئۇنى جاراڭلىق جالالار بىلەن.
6 مەدھىيىلىگەي پەرۋەردىگارنى جىمىكى نەپسى بارلار!
ئوقۇڭلار پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا!

* جاللا ـــ جاڭ-جاڭ.

# تەبىرلەر

**خۇدانىڭ ئـوقۇ قولى** ـــ ئۇشـبۇ ئاتالغۇ خۇدانـىڭ كۈچ-قۇدرىتـى، ھوقۇقى ۋە ياردىمىگـە سـىمۋول قىلىنغـان. بەزىدە ئـۇ قۇتقۇزغۇچى مەسـىھنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىشىمۇ مۇمكىن.

**سـېلاھ** ـــ ئىبرانىيچە سـۆز بـولۇپ، بـۇ سـۆز ھەققىـدە مۇنـداق بىرقانچە چۈشەندۈرۈشـلەر بار: 1. «بىرئـاز توختـاپ، چوڭقۇر تەپەككـۇر قىلىڭلار» دېگـەن مەنـىدە. 2. ئىبـادەت قىلغۇچىلارغـا سـەجدە قىلىـش ھەققىـدە بېرىلىدىغان بەلگە. 3. مۇزىكىدىكى مەلۇم بىر بەلگە. 4. مەرغۇل.

**سـىئون** ـــ تاغنىڭ ئىسـمى بـولۇپ، ئـۇ تاغـدا داۋۇت پەيغەمبـەر خۇدانىڭ «ئەھـدە سـاندۇقى» سـاقلانغان مۇقـەددەس چېدىرنى ياسـىغان. كېيىنچە سۇلايمان پادىشاھ دەل شۇ تاغدا ئىبادەتخانا قۇرغان. ئۇ ئىبادەتخانا ئىبادەت قىلىشـنىڭ مەركىزى بولغان. زەبۇردا «سـىئون» خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى، يېرۇسالېم شـەھرىنى ياكى بەزىدە پۈتكۈل ئىسرائىل زېمىنىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىـن. «سـىئون» ھەم خۇدانـىڭ ئۆز خەلقى بىلـەن بىللە بولۇشـىغا ھەم خۇدانىڭ يەر-زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ مەركىزىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.


**ماسـقىل** ـــ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان شـۇنداقلا دانالىق ئۆگىتىدىغان ناخشا.

**يۇقىرىغـا چىقىش كۈيى** ـــ زەبۇردا مۇشـۇنداق ماۋزۇدىكـى كۈيدىن 15ى بار بولۇپ، بـۇ ماۋزۇنىڭ مەنىسـى ھەققىدە ئۈچ خىل چۈشـەندۈرۈش مەۋجۇت. ئـۇلار تۆۋەندىكىلەردىـن ئىبـارەت: 1. بـۇ ھېيـت مەزگىلىـدە، ئىبـادەت

قىلغۇچىلارنىڭ يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانا ھويلىسىغا چىقىشتا، ئۇ يەردىكى 15 پەلەمپەيىنىڭ ھەر بىرىدە توختاپ ئېيتقان بىر كۈيى. 2. يېرۇسالېمغا تاۋاپ قىلىش يولىدا ئېيتىلغان كۈي. 3. بۇ ئىسرائىللار بابىلون ئىمپېرىيىسىدىكى تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ يېرۇسالېمغا قايتىپ بارغاندا قۇتۇلغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئېيتقان كۈي ئىدى.



**چىلتار** ــ قەدىمكى ئىبرانىيلارنىڭ بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى



**لىرا** ــ قەدىمكى ئىبرانىيلارنىڭ بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى

# زەبۇر
# تاللانمىلىرى

## (ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)

《诗篇》摘录
（现代维吾尔文译本）

---

جېنۋەي چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى نەشر قىلدى
鎮 偉 有 限 公 司 出版
جۇڭگو شياڭگاڭ 中国 香港
فاكس: (852) 3010-9046
كومپيۇتېر تور ئادرېسى: www.UMKJ.org
ئېلېكترونلۇق پوچتا ئادرېسى: kitab@UMKJ.org

2009- يىل 4- ئاي 1- نەشرى
2009- يىل 4- ئاي 1- بېسىلىشى

ISBN: 978-962-8457-08-3

© ئۇيغۇرچە «مۇقەددەس كىتاب» جەمئىيىتى